
# ئاراتۈرۈك تارىخ ماتېرىياللىرى

1 - قىسىم



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاراتۇرۇك تارىخ ماتېرىياللىرى

## 1 ـ قىسىم

(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

توپلاپ يازغۇچى: ھەمدۇللا ئىسمايىل

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاراتۇرۇك
ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى
خىزمەت ھەيئىتى تۈزدى

1989 ـ يىل 12 ـ ئاي، ئاراتۇرۇك.

# ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار خىزمەت ھەيئىتىنىڭ ئىسمىلىكى

مۇدىر ھەيئەت: ھەمدۇللا ئىسمايىل

مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت: شەرۇللا مىرۇللا

ھەيئەتلەر: ئىلىياس ئابدى، ئوسمان توختى
ئىبراھىم موللا، مەمەتنىياز غوجى، مەنپامىك

تەھرىر: ئىمەر تالىپ

تەھرىرلەشكە قاتناشقۇچىلار: يۇنۇس بەرەم
ياقۇپ يۇنۇس

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئاۋۇت مامۇت

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: رابىيەم


ھۆسنخەتنى يازغۇچى: بەكرى ئىسمايىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېغىزدىن چىقارما قىلالماس ئىشنى .
قىلۇرمەن دېمە قولۇڭدىن كەلمەس ئىشنى .
ئېغىزدىن چىقسا سۆزنى قايتارماق مۈشكۈل قاش
ئەگەر تۆكۈل سۆز ئۈچۈن كەتسە ھەم باش

سەن بىلمەيتىك بولماڭ ئۆزەڭچە .
ھېچ پايدا يوقتۇر ساڭا .
سەن ئەگەر ئالىم بىلىپتە ئەگرى بولساڭ .
ھەر نامازغا لەنەت ساڭا .

پۇقرالار قارىماس سېنىڭ قابىلىيىتىڭغا .
بەلكى قارار ئادىللىقىڭغا
پاك بولسا ئەمەلدار ئىشنى ئاقسىتماس .
ئادىل بولساڭ پۇقراساڭغا جەبرى
سالماس .



خوجى ئابدۇللا ئەنسارى غوجام مازىرى
رابىيەم فوتوسى


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى
خوجىنىياز ھاجى
ئوغلى ئىززىتۇللا ساقلىغان رەسىم




قېيىن قاسرىقىغا
يېزىلغان بۇرۇنقى
ئۇيغۇر يېزىقى



ياغاچقا ئويۇلغان قەدىمكى تەمتەك
مەن فامىڭ فوتوسى




تاش قورال دەۋرىدىكى ساپال قاچىلار
مەنفامىڭ فوتوسى




تاش قورال دەۋرىدىكى تاش يارغۇنچاق
مەن فامىلىڭ فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئاراتۆرۆك ناھىيىسىدە ياسالغان قۇمۇل راۋابى.
مەنفامىڭ فوتوسى




كۆشۆتە داۋان بېشىدىكى بۇتخانىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى
مىنفامىڭ فوتوسى

ۋاڭ غوجام زامانىدا
ئالۋان ياساق بەك ئېغىر.
ئات هارۋىنى بىز تارتىپ،
دۈمبىلەر بولدى يېغىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئاراتۆرۆك 40 كۆنلۆك قوغدىنىش جەڭىدە خىزمەت
كۆرسەتكەن تۆھپىكار ھەربىي ئاتنىڭ ھەيكىلى ،
مەن فامىلىڭ
فوتوسى




ئاراتۇرۇك 40 كۈنلۈك قوغدىنىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە.
مۇھىم ئىستىھكام شىمالىي تاغدىكى پوتەي
مەنپامىڭ فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئاراتۇرۇك 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭىدە قۇربان
بولغان قەھرىمانلارنىڭ قەبرىستانلىقى
دىن فامىلك فوتوسى




ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ تىيانشان شىمالىي ئېتىكىدىكى،
بىپايان يايلاقلىرى

مەن فامىڭ فوتوسى

www.uyghurkitap.com



ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى
مەن فامىڭ فوتوسى



ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىن بىر كۆرۈنۈش
مەنفامەلڭ فوتوسى

# كىرىش سۆز

ئاراتۈرۈكنىڭ يۇرت بولغىنىغا خېلا ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، بۇرۇن ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە يېزىلغان بىرەر تەپسىلىرەك ماتېرىيال تېپىلمىدى. مۇشۇنىداق ئەھۋال ئاستىدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كومىتېتى، تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەش گۇرۇپپىسى ئاراتۈرۈكنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىنى يېزىشقا ئىرادە باغلىدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تارىخىي مەدەنىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش» دېگەن يوليورۇقى بىزنىڭ روھىمىزنى ئۇرغۇتتى. شۇنىڭ بىلەن تارىخ يېزىش ئىشىغا كىرىشىپ، ئاراتۈرۈكنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئاساس قىلىپ، بۇرۇنقى تاش قورال دەۋرىنى قىسقىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىنى يېزىپ چىقتۇق. «تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش» ئۇلۇغ ئىش ھەم مۇشكۇل ئىش. شۇنداقلا تارىخنى ئەسلەش ئارقىلىق كەلگۈسىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئەۋلادلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىش. قەدىمقىلاردا «ئۇمبەت قىلساڭ كۆمبەز قوپار①»

① ئۇمبەت — نىيەت، ئىرادە (قۇمۇل شېۋىسى)

دېگەن تەمسىل بار. بىزمۇ، شۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىلەن بۇ تارىخنى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدۇق، ۋىلايەت جىملىدىن ناھىيەمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. بولۇپمۇ ناھىيەمىزدىكى بىر قىسىم چوڭ ياشلىقلار بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭا بىزنىڭ بۇ تارىخىي ماتېرىيالىمىز دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبىلىك يېزىلىپ چىقتى.

تارىخ يېزىش چىنلىققا خاس بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. شۇڭا تارىختىكى ۋەقەلىكلەرنى يېزىشتا، ھەقىقەت تارازىسىدا ئۆلچەپ، ئادىللىق سۈيىدە سۈزگىرىپ، نېمە بولسا شۇنى يېزىش، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش روھىنى ئىپادىلەش كېرەك. «تارىخنى بۇرمىلاش تارىخقا قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر». ھەر قايسى دەۋرنىڭ تارىخى بولىدۇ، ۋەقە قايسى دەۋردە يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىمۇ، شۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يۇرتنى ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلغان باشلىقلارنىڭ دەۋرىدە يۇرت مەمۇرچىلىق، خەلق تۇرمۇشى باياشات بولغان. يۇرتنى زالىملىق بىلەن ئىدارە قىلغان باشلىقلارنىڭ دەۋرىدە يۇرت خارابلىشىپ، خەلق نامراتلاشقان. ئەگەر بىز تارىخنى ئەينەن ئىنكاس قىلساق، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئىجابىي تەرەپلەردىن پايدىلىنىپ، سەلبىي تەرەپلەردىن ساۋاق ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئىشلارنى بېجىرگەندە ئازراق ياردىمى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ تارىخنى يېزىپ چىقتۇق. بىزنىڭ بۇ يازغان تارىخىي ماتېرىياللىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى سۆزلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلدى. ھەمدە شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى بىلەن قۇمۇل ئەدەبىياتى قاتارلىق ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلاندۇق. شۇڭا بىزنىڭ بۇ تارىخ نامىمىز سەۋەنلىكلەردىن خالى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ تارىخنى ئوقۇغۇچى كىتابخانلارنىڭ ئەپۇ قەلىمىنى سۇرتۇپ، تەپەككۇر قەلەمتارىچىدا تۈزىتىپ، دوستانە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىزنى بۇ تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ۋە سۆزلەپ بەرگەن: ئوسمان توختى، باسىت مەيزىن، يەھيا قارى، ئوغۇ سۇلتان ماما، يارى بوۋا، يۇنۇس بوۋا، قۇربانىنىياز موللا، تۆلەك بوۋا، شەرۇللا موللا قاتارلىق پېشقەدەملەرگە رەھمەت ئېيتىمىز.

ھەمدۇللا ئىسمايىل

1989. 10. 30

## مۇندەرىجە

1. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك
ئەھۋالى ............................ 1
2. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇش
تارىخى ............................ 5
1) ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇپ
شەكىللىنىشى ............................ 7
2) باي يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىل-
لىنىشى ............................ 14
3) ئاراتۇرۇك يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شە-
كىللىنىشى ............................ 16
4) نوم يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى... 17
5) ئاداق يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىل-
لىنىشى ............................ 21
6) تۇركۆل يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىل-
لىنىشى ............................ 24
7) نېرىنكىر يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىل-
لىنىشى ............................ 25
3. ئاراتۇرۇككە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى ......... 30
4. ئاراتۇرۇك ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى ......... 34
5. ئاراتۇرۇكنىڭ ھاكىمىيەت تارىخى......... 40
6. ئاراتۇرۇك خەلقىنىڭ ۋاڭلار دەۋرى، شىڭ شى-

تۈگۈفۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەي دەۋرى ۋە گومىنداڭ دەۋرلىرىدە تارتقان -
جەبرى - زۇلۇملىرى ۋە نوم زىندانى ......... 52
قۇمۇل ۋاڭلىق دەۋرىدىكى دەرد - ئەلەملىك
كۈنلەر ......................... 52
ۋاڭلىقنىڭ دېھقانچىلىق جەھەتتىكى زۇلۇملىرى... 54
نوم ۋە زىندان ........................ 57
قۇمۇل ۋاڭلىقنىڭ چارۋىچىلىق جەھەتتە خەلققە
سالغان جەبرى - زۇلۇملىرى ھەققىدە .......... 62
جىن شورىنىڭ خەلققە سالغان جەبىر-زۇلۇملىرى ... 68
7. 1931 - يىللاردىكى ئاراتۆرۈك دېھقانلارنىڭ قوز-
غىلاڭ كۆتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا .......... 76
8. ئاراتۆرۈك بويىچە دېھقانلار قوزغىلىڭىدا بول-
غان بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار .............. 100
1) كىچىك نومدىكى ئۇرۇش .............. 101
2) نېرىنكىردىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ ئۇرۇش... 104
نېرىنكىردىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش
دابىنڭ (چوڭ قوشۇن) نى يوقىتىش ئۇرۇشى ... 110
3) تۆركۆلنىڭ چىغلىق كۆندۆ دېگەن يېرىدى-
كى ئۇرۇش ......................... 113
4) تۆركۆللۈك باقىنىياز دورغا باشچىلىقىدا
ئېلىپ بېرىلغان دازىگو ۋە تۆۋەن ئىرغايتى
ئۇرۇشلىرى ......................... 115
5) تۆۋەن ئىرغايتىدىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن

باقىنىياز دورغىنىڭ باتۇرلۇقى ................ 116
9. خوجىنىياز ھاجىنى ئاراتۈرۈك دېھقانلار
قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىشى ............ 118
1) خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئاراتۈرۈك
ناھىيە ئورنىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش... 122
2) خوجىنىياز ھاجىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدىن
ياردەم سورىشى ........................ 123
3) 1933 - يىلى 11 - ئايلاردا شىڭ زىخۇيىنىڭ
1000 دەك ئەسكىرى بىلەن كېلىپ نوم خەلقى-
نى پاراكەندىچىلىككە سالغىنى ................ 125
10. ئاراتۈرۈكتىكى بىر قانچە تارىخىي شەخس-
لەر توغرىسىدا .............................. 123
1) شوپۇللۇق سالى دورغا ...................... 128
2) ئابدىنىياز مىراپ .......................... 137
3) نوملۇق سالى دورغا ........................ 144
11. ئاراتۈرۈكنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ماتارىپ
ئىشلىرى .................................. 150
12. ئاراتۈرۈك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ۋە توي - تاماشا، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ........ 157
1) ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى .............. 157
2) توي - تاماشىلىرى .......................... 167
3) ھەر خىل تېمىدىكى بېيىتلار .................. 176
4) ئىدەر، سۈننەت ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ... 192
13. ئاراتۈرۈكتىن ئۆتكەن يىپەك يولى ............ 195
14. ئاراتۈرۈك ئالتۇن كېنى ...................... 198

15. سادىر تۇرشا بىلەن قىلغان سۆھبەتتىن خاتىرە .................................... 202

15. 1950 ـ يىلى ئاراتۇرۇكتە يۈز بەرگەن ئەكـسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ .................................... 209

دۈمبىدىكى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى قورالـسىزلاندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئەھۋالى .............. 215

جياۋفېڭزى فۇلىيەنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ... 219

ئاراتۇرۇك شاز ئۆيلەردىكى جەڭ .............. 222

17. نومۇزقلارنىڭ قەدىمكى ئويۇنى باھار ھەشرىپى .................................... 234

18. ئاخىرقى سۆز .................................... 243

# 1. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە تۆت يېزا، ئىككى چارۋىچىلىق مەيدان، بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدان، بىر بازارلىق ھۆكۈمەت بار. ناھىيىمىز جەنۇبتىن شىمالغا 175 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 215 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 19 مىڭ 735 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە بويىچە ھازىر 66 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ مەيدانى بار. 8 مىليون 375 مىڭ مو ئوتلاق مەيدانى بار. ناھىيە بويىچە ئورمان بار يەر 730 مىڭ 605 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي ئورمان بار مەيدان 348 مىڭ 505 مو. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.03% نى تەشكىل قىلىدۇ. 160 مىليون كۇب مېتىر سۇ بايلىقى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۈيى 110 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيى 50 مىليون كۇب مېتىرنى ئىگىلەيدۇ.

ئاراتۇرۇك شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان بىر ئېگىزلىك رايون. غەربىي تەرىپى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن، شەرقى دۇڭخۇاڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن، جەنۇبى قۇمۇل شەھىرى بىلەن چېگىرداش بو-
لۇپ، ئوتتۇرىسىنى «تۇرسۇنبۆرەك» قارلىقى ئايرىپ
تۇرىدۇ. بۇ قارلىقنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز
يۈزىدىن 4888 مېتر ئېگىز. ئادەم ئولتۇراقلاشقان يەت-
تە ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز جايى دازىگو
مۇچاڭ بولۇپ (ئەسلى ئىسمى نېرىنگىر) دېڭىز يۈ-
زىدىن 2200 مېتر ئېگىز. دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن
ھېسابلىنىدىغان جاي نوم يېزىسىمۇ، دېڭىز يۈزىدىن
450 مېتر ئېگىز، قىراۋسىز مەزگىلى ئەڭ كۆپ بولغان
جاي نوم يېزىسى بولۇپ 175 كۈن. قىراۋسىز مەزگى-
لى ئەڭ ئاز رايون نېرىنگىر يېزىسى بولۇپ 100 — 95
كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. ناھىيىمىزنىڭ ھاۋا كىلىماتى
سوغۇق، ياز كۈنلىرىنىڭ ئالتىنچى ئايلىرىدىمۇ تۆت
پەسىلنى ئوخشاشلا كۆرگىلى بولىدۇ. ناھىيىمىز ئۆزى
كىچىك ناھىيە بولسىمۇ تارىختا نامدار ئورۇن ئىدى.
«خەننامە غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە «ئوتتۇرا
تۇرۇكلەرنىڭ مەركىزى» ئىدى دەپ يېزىلغان بولۇپ،
بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز ئاراتۇرۇك ئالتى يۇرتنىڭ
ھەممىسىدە ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇپ چارۋىچىلىق بىلەن
شوغۇللىنىپ كەلگەن جاي بولۇپ، سۈيى مول، يەر
زېمىنى مۇنبەت، يايلاقلىرى گۈزەل، تاغلىرى مەدەنگە
تولغان، ھەر خىل ئورمانلار بۈك-باراقسان ئايىنغان
بىر جاي بولغاچقا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئاراتۇرۇككە
كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر ئاراتۇرۇكنى ئالقىشلاپ
مۇنداق دېگەن:

«تۇرپان تېغى ئۆرتەلسۇن، بۇرەك تېغىنى چۆپ① ئالسۇن»

ئاراتۇرۇك خەلقى ئاغزىدا ئاراتۇرۇكنى ۋە «تۇرسۇنبۆرەك» تېغىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان تۆۋەندىكىدەك قوشاقلار بار.

داستان بولۇپ تارىختا،
تۇرسۇنبۆرەك نامىڭ بار.②
دۇلدۇل ئوتلىغان تاغ دەپ،③
ئۆچمەس ئۇلۇغ داڭقىڭ بار.

بۇ بۆرەكنى ئۇلۇغلار④،
چۆپىمالسۇن دەپ ھالقىغان.
يايلاقلىرى گۈل چىمەن،
مىڭلاپ چارۋا يايلىغان.

بۆرەك تاغدا ئوتلىسا،
چۈشەر ئاتنىڭ تۇۋدىقى.
سېمىزلىكتىن يېرىلار،
قوزىلارنىڭ قۇيرىقى.

---

① چۆپ دېگەن — ئوت - چۆپتىكى چۆپتۇر.

② ئاراتۇرۇك قارىلىقىنىڭ ئىسمى تۇرسۇنبۆرەكتۇر.

③ بۇ بۆرەك تاغدا تاشلارغا ئويۇلغان دۇلدۇلنىڭ ئىزى بارمىش، شۇڭا دۇلدۇل ئوتلىغان دېگەن رىۋايەت بار.

④ ئۇلۇغلار — خوجا ھىدايىتۇللا بېيجىڭگە بېرىپ قايتارىدا ئاراتۇرۇك بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يايلاقلىرىنى ھالقىغان دېگەن رىۋايەت بار.

غوللىرىدا تال تېرەك،
بۆك باراقسان ئايىنىغان.
تاغ باغرىنى رەڭمۇ-رەڭ،
گۈل چېچەكلەر قاپلىغان.

يەر بايلىقى خېلا مول،
ھەر خىل مەدەن تاغلىرى.
يەتتە غولدا شارقىراپ،
ئاقار سۈزۈك سۇلىرى.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىسى،
تېپىلىدۇ تۆت پەسلى.
قار-شېۋىرغان توسالماس،
خەلقى ئىشچاندۇر ئەسلى.

ئاراتۈرۈك ئالتى بولاق،
ئوتتۇرىسىدا ئېۋىرغول.
ئاراتۈرۈكنى يۇرت قىلغان،
بايدىن كەلگەن ئالتىمۇغۇل.

## 2. ئاراتۈرۈكنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى

بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاراتۈرۈكتە «تۇرا» لار ياشىغان. ئۇلار بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىدى. ئۇلار ئاراتۈرۈك ئالتى يۇرتىنىڭ ھەممىسىدىلا بىر جايىنى ماكان تۇتۇپ، بىرئوم بولۇپ ياشىغان. ئۇلار ياشىغان ئۆي ماكانلىرىنىڭ خارابە ئىزلىرى ھازىرمۇ بار. نوم يېزىسىدا «كارساك» چوققا بۇ جاي ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە قوغداش ئورنى. ئاداق يېزىسىدا «ئەسكى قورۇل» ناھىيىمىزنىڭ قوغداش ئورنى، ئاراتۈرۈك يېزىسىدا «بەلچىرتاغ بېشىدىكى تاش قورا» ناھىيىمىزنىڭ قوغداش ئورنى، باي يېزىسىنىڭ «بولاق بېشىدىكى ئۇيغۇر تۆپىلىكى» ناھىيە بويىچە قوغداش ئورنى، تۇركۆل يېزىسىدىكى «شارنى ئايلى» ناھىيە بويىچە قوغداش ئورنى، نېرىنكىر يېزىسىدا «كىچىك داراخلىقتىكى تاش ئۆيلەر» بۇ جايلار بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان قەدىمىي ماكانلىرىدۇر. ئۇ كىشىلەر شۇ دەۋرلەردە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ دەۋرى تاش قورال دەۋرى ئىدى. ئۇلار بۇرۇن ئولتۇرغان خارابىلار ئىچى-

دىن تاش پالتا، تاش كەتمەن، تاش يارغۇنچاق،
تاش پىچاق قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى. بۇ خىلدى-
كى تاش قوراللارنىڭ بىر قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق
مۇزېي خانىسىدا، بىر قىسمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇزېي
خانىسىدا، يەنە بىر قىسمى ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك
مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تارىخىي ئاسار ئەتىقىلىرىنى
ساقلاش بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا بۇغا
مۈڭگۈزدە ياسالغان تارغاق، پىچاق، ئورغاق قاتار-
لىقلار بار. ئۇلار مال ئۈستىخىنىدا يىڭنە، مال مۈڭ-
گۈزدە ئۈزەڭگە ياساپ ئىشلەتكەن. كىچىك قول ھۈ-
نەرۋەنچىلىكنى ھەم ئازراق بىلىدىكەن، ھەر خىل
ئىدىش، لوڭقا قاتارلىق ساپال قاچىلارنى قويۇپ،
پىشۇرۇپ ئىشلەتكەن. ئايرىم خارابىلاردىن مىس پىچاق،
مىس قازان، مىس تاخسىلەرمۇ تېپىلدى. ئۇلارنىمۇ
ئۆزلىرى ياسىغان. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىل - يې-
زىقىمۇ بار ئىكەن. بۇ خەتلەرنىڭ تاشلارغا ئويۇل-
غان نۇسخىلىرى ھازىر، جايلاردىكى تاشلاردا بار،
(ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا بىر خىل خەت نۇس-
خىسى ساقلىنىۋاتىدۇ) شۇ دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ
قۇرۇلۇشى بەك يوغان بولۇپ ھەم بەك كۈچلۈك
ئىكەنلىكىنى قويغان كېسەكلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بەك قالاق
ئىكەن: مەسىلەن: يېتىپ - قوپۇشتا، مال بىلەن بىر-
گىلا يېتىپ تۇرغان، ئۆيى ئوغۇتقا توشۇپ كەتسە، يە-
نە شۇ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە ئۇلاپلا تام قوپۇرۇپ تۇرغان.

ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئايرىم جايدا گۆر كولاپ قويغان، بەزىلىرىنى يەنى كىچىك بالىلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئىچىدە گۆر كولاپ قويغان.

ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن قەيەردە ئوت، سۇ بولسا، شۇ يەرلەرنى ماكان قىلىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. ئاراتۇرۇكتىكى ئەجدادلىرىمىز مەلۇم يىللاردىن كېيىن ئاراتۇرۇكنى تاشلاپ كېتىپ قالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاراتۇرۇك ئۇزۇن يىللارغىچە ياۋا ھايۋاناتلارنىڭ تۇرىدىغان ئوتلىقىغا ئايلىنىپ قالغان. كېيىنكى يىللاردا قۇمۇل، باركۆلدىكى بۇددىستلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىرى مال باقىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغان.

## ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

1675 ـ يىللار ھارپىسىدا ( 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ) قۇمۇل رايونى، مىڭدار ئىسىملىك بىر ئايال بۇددىستنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا 5000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ، مىڭدار خوتۇن بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ، قۇمۇلنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىپ، مۇھەممەت شاھ غازىبەگنى قۇمۇلغا باشلىق قىلىپ

ئولتۇرغۇزىدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئاراتۇرۇكنىڭ ھەممە جايلىرى بۇددىستلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. مۇھەممەت شاھبەگ دەسلەپتە تىيانشاننىڭ (قۇمۇل قارلىق تېغىنىڭ) جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى بۇددىستلارنى يوقىتىپ، خوتۇنتام، شوپۇل دېگەن يۇرتلارنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزىۋېلىپ، يالغۇز تۇيۇم دېگەن جايدا 66 يىگىتكە ئىمەر باتۇر دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىپ، بىر قورغان (چازا) قۇرۇپ تۇرغۇزغانىدى. شۇ يىللاردا، قارلىق تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئاراتۇرۇكنىڭ ھەممە يېزىلىرى بۇددىستلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، كۆنچەك دېگەن بىر موڭغۇلنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. كۆنچەك بىر قىسىم لەشكەر بىلەن تۇيۇقسىز ھالدا يالغۇز تۇيۇمدىكى ئىمەر باتۇرلارنىڭ ئورما قىلىپ تۇرغان جايىغا ھۇجۇم قىلىپ 66 يىگىتنى قۇربان قىلىدۇ. شۇ كۈنى ئىمەر باتۇر بىر دانە كۆكئالا تاينى مىنىپ قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئىمەر باتۇر ئەگلەر غولغا كېلىپ قۇمۇلدىكى مۇھەممەت شاھبەگكە ئەھۋالنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەت شاھبەگ 500 كىشىلىك ھەربىي كۈچنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئىمەر باتۇر بۇ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، كۆنچەككە قارشى جەڭنى باشلىۋېتىدۇ، بۇددىستلار تاشۇبلىق، شوپۇلدىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولۇپ قارلىقنىڭ شىمالىدىكى تال تېغىنىڭ موغەي دېگەن يېرىگە چېكىنىدۇ. ئىمەر باتۇر بۇددىست كۆنچەكنى قوغلاپ بېرىپ موغەيدە قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. كۆنچەك جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، باينىڭ ئۆمۈر تېغىغا قاچىدۇ. ئىمەر باتۇر ئىز بې-

سىپ قوغلاپ بېرىپ، ئۆمۈر تېغىنىڭ ئىچىدىكى كۈن-
چەك شەھىرى دەپ ئاتالغان بىر جىلغا ئىچىدە كۈن-
چەكنى ئۆلتۈرىدۇ. كۈنچەك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن،
تىرىك قالغان ئەسكىرى ھەممىسى تاشقى موڭغۇلىيە-
نىڭ مىڭغان (مىڭ بۇلاق) دېگەن جايىغا قېچىپ
بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان. ئىمەر باتۇر ھەققىدە قۇ-
مۇل، ئاراتۇرۇك خەلقى ئارىسىدا مۇنداق بىر داستان
توقۇلغان. بۇ داستان خەلق ئىچىدە مەشھۇردۇر.

كەلدى ئىسلام لەشكىرى،
يالغۇز تۇيۇم تېغىغا.
ماراپ ياتقان قالماقلار،
قىستاپ كىردى يېغىغا.

ئۇيىنىتىپ ئوقيا - قىلىچ،
تەرەپتىن قىرغىن سالدى.
ئىمەر باتۇر مەرتلەرچە،
ئىسلام تۇغىنى ئالدى.

ئىمەر جەڭگە ئاتلىنىپ،
ياۋ ئاغزىنى قان ئەتتى.
بولۇپ بەربات دۈشمەنلەر،
قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى.

ئىمەر باتۇر دەسلەپتە،
غەلىبە قىلدى ئۇ جەڭدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرى مەغرۇرلىقتىن،
پۇشمان يەيدى ئەلەمدە.

قالماق كەلدى توساتتىن،
ھۇجۇم قىلدى ئىمەرگە.
ئاتمىش ئالتى يىگىتنى،
دۇچار قىلدى ئەجەلگە.

يالغۇز تۆيۈم بىر پارچە تاغ،
بولۇپتۇ قورغان.
ئاتمىش ئالتى كۆدەكلەرنى،
بوغدايدەك ئورغان.

ئۆلۈكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،
چىگمەندە يوغان.
ئەل - تۇغقىنى يىغلىشىپ،
لەھەتكە قويغان.

يالغۇز تۆيۈمنىڭ ئارقىسى،
قاپقارا سايدۇر.
ئىمەر باتۇرنىڭ مىنگىنى،
كۆكتالا تايدۇر.

ئىمەر باتۇر تايىنى مىنىپ،
ئۆچتى لاچىندەك

ئەگلەر غولغا يېتىپ بېرىپ،
قوندى بۈركۈتتەك.

ئەگلەر غولدىن چىقىپ كەلدى،
بىر هاشى ئوغلان.
قىزىل ـ يېشىل تون كىيىپتۇ،
ياقىسى يولغان.

بۇ ئوغلانلار تاغدىن ئېشىپ،
مەنزىلگە يەتتى.
ئوڭ قولىدا كۈمۈش مىلتىق،
قۇلانلار ئاتتى.

ئىمەر باتۇر كاۋاپ ئەتتى،
قۇلان گۆشىدە.
كاۋاپنى يەپ هاردۇق ئالدى،
تاغنىڭ بېشىدا.

قايتىدىن جەڭگە كىرىپ،
قورغاننى ئالدى.
قالماقنى قىرىپ سىپىلىپ،
دېڭىزنى ئالدى.

يالغۇز تۈپۈمنىڭ ئارقىسى،
تۈپتۈز بىر ئالقان.

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرمىنىڭ بىرىيۈز قالماق چىقىپ،
ئۆرۈلۈپ يانغان.

قالماقنى توقەي سۈرۈپ،
بايلاردا يـاشقان.
قالماق جەڭدە يېڭىلىپ،
مىڭغانىغا قاچقان.

يالغۇز تۈيۈم يالغۇز جوڭزا
ئېيتى شوخوزا.
ياتقان جايى ئالتۇن خادا،
كۈمۈش موخازا.

يالغۇز تۈيۈم خوش جاي ئىكەن،
ئۈچيۈز كۈن تۇردۇق.
مەن ـ مەن دېگەن ئىرەنلەرنىڭ،
ھالىنى سوردۇق.

ھازىر يالغۇز تۈيۈم دېگەن ئاتالغۇ، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى 12 مۇقامىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا كىرىپ، خـەلقنىڭ تىللىرىـدا داستان بـولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇنتۇلماس نامايەندىسى بولۇپ كـەلمەكتە. ئىمەر باتـۇر ئـۆمۈردىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، قۇمۇلغا قايتىپ كېتىدۇ.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەت شاھى غازى،

قومۇلنىڭ تاغ رايونلىرى بولغان ( ئاراتۈرۈك، تۈركۆل، نوم، ئاداق ) قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاراپتان باشچىلىقىدىكى قالماق قالدۇقلىرى تەرىپىدىن قۇمۇلغا خەۋپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپقاندىن كېيىن زور قوشۇن تەييارلاپ، مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئارقا سەپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاراتۈرۈككە قاراپ يولغا چىقتى. ئاراتۈرۈكتە تۇرۇۋاتقان ئاراپتاننىڭ ئەسكىرى كۈچىمۇ خىل ئىدى. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كاۋنىيار، كۆرەلىك، ئۆزۈنبۇلاق دېگەن تاغ ئېغىزلىرىدا بولۇپ، ئۇرۇش شارائىتى مۇڭغۇللارغا ئوڭغۇشلۇق ئىدى. مۇھەممەت شاھبەگ، قاراسىگىر دېگەن جايدا ماكانلىشىپ تۈزلەڭلىكتىن تاغقا قاراپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش شارائىتى ئۇلارغا ئوڭغۇشسىز ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى مۇھەممەت شاھى بەگنىڭ قوشۇنى زور چىقىمدار بولۇپ، كۆپلىگەن ئادەملىرى شېھىت بولۇپ كەتتى. شۇنداقلا ئۆزىگىمۇ ئوق تېگىپ ئوڭ قولى يارىلاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇرۇشتىن چېكىنمىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئارقا سەپ ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىپ مۇھەممەت شاھى بەگنىڭ كۈچىگە - كۈچ قوشۇلۇپ، دۈشمەنلەرنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ قىرىشقا باشلايدۇ. ئاراپتان قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي ئاراتۈرۈكنىڭ بۇلاق بېشىنىڭ قورۇلتاشقۇرا دېگەن جايلارغا چېكىنىدۇ. مۇھەممەت شاھى بەگنىڭ قوشۇنى ئاراتۈرۈك شار ئۆيلەر دېگەن جاينى ئىشغال قىلىپ، مۇھىم تاغ باشلىرىنى ئىگىلىۋې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ ئاراپتان قوشۇنىغا ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى سوقۇشتا، موڭغۇللارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسكەرىنى قىرىپ تاشلايدۇ. بىر قىسىم موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي تاشقى موڭغۇلنىڭ مىڭغان (مىڭ بۇلاق) دېگەن يېرىگە قېچىپ بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ. مۇھەممەت شاھى غازىبەگ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىپ ئىسلام تۇغىنى ئاراتۇرۇكنىڭ نوم دېگەن يېرىگە قاداپ، پۈتۈن ئاراتۇرۇك دىيارىنى ئازاد قىلىپ، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاراتۇرۇكتىكى ئالتە ئورۇنغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ۋە قۇمۇلدىن ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ ئايرىم - ئايرىم يورتلاشقان.

## باي يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئاراتۇرۇك بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال باي يېزىسىغا ئادەم جايلىشىپ يۇرت بولغان. ئەسلىدە باي يېزىسىغا ماكانلاشقان ئادەملەر قۇمۇلنىڭ تاشۋېلىق، شوپۇل قاتارلىق جايلىرىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار شىكارغا چىقىپ كېيىك ئاتقىلى بايغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ سۇ، يەر - زېمىنلىرىنى كۆرۈپ يۇرت تۇتۇش ئويىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئېغىز سوقما تاملىق ئۆي سېلىپ ئىچىگە موراباغلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ.

بۇلارنىڭ كەينىدىن بارىكۆلنىڭ تۆگە كارۋان-

لىرىمۇ باينى ئىگىلەش ئۈچۈن بىر ئېغىز سوق-
ما تاملىق ئۆي سوقۇپ، ئىچىنى ئېسلاپ قويۇپ كې-
تىپ قالىدۇ. كېيىنكى يىللىرى ئىككى تەرەپ ئوخ-
شاشلا باينى يۇرت تۇتۇش ھەققىدە قومۇلنىڭ باشلىق-
لىرىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. قومۇل ۋاڭلىقى ئادەم چىقى-
رىپ ئىككى تەرەپنىڭ سېلىپ قويغان ئۆيلىرىنى كۆ-
رۈپ، سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە، شوپۇل خەلقى سال-
غان ئۆينىڭ بالدۇر سېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن باي ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت تۇتۇپ ماكانلى-
شىشىغا بېرىلىدۇ. باي ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەندىن كې-
يىن نورۇز ھېزىمەت دېگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ
شوپۇلدىن بايغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىدۇ. نورۇز
ھېزىمەتنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ئاقسۇ باي ناھىيىسى
ئىكەن. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىنى ئەس-
لەش خاتىرىسى قىلىپ يېڭى يۇرتىغىمۇ باي دەپ
ئىسىم قويغان. ئىككىنچى قېتىمدا قەشقەر كونا شە-
ھەرلىك ئاللەي شوپىنىياز دېگەن كىشى بايغا كۆچۈپ
كېلىپ ماكانلاشقان. ئۈچىنچى رەتتە، ئۇچتۇرپانلىق
پاراك روزىمەت دېگەن كىشى تۆگە بىلەن يېپەك يو-
لىنى بويلاپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە سودىگەرچىلىك قى-
لىپ قاتناپ يۈرۈپ بايغا ماكانلىشىپ قالغان. بۇ
ئۈچ ئۆيلۈك كىشى باينى يۇرت تۇتقاندىن كېيىن
شوپۇل، تاشبۇلاقتىكى باشقا كىشىلەرمۇ بايغا كۆچۈپ
كېلىپ، باي بىر يۇرت بولۇپ شەكىللەنگەن. باينىڭ
يۇرت بولغىنىغا تەخمىنەن 370 يىللار بولدى دەپ
مۆلچەرلەنمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاراتۇرۇك يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئاللەي سوپىنىياز دەسلەپتە باي يېزىسىغا كېلىپ ماكانلاشقان. بۇنىڭ باللىرى بەك كۆپ بولۇپ 13 ئوغلى بار ئىكەن. بۇلارغا بايدىكى يەر-سۇ ئازلىق قىلغانلىقتىن ئائىلە ئوغلىنى ئاراتۇرۇككە كۆچۈرۈپ كېلىپ چوڭ ئاش دېگەن جاينى ئاساسلىق ماكان تۇتۇپ، ئاراتۇرۇك غول ئىچىنى تېرىلغۇ قىلىپ ئىگىلىلىگەن. كېيىنچە بۇ ئوغۇللاردىن ئوبۇلخارى بولاق بېشىنى ماكان تۇتۇپ يەر-زېمىن ئىگىلىگەن. ئابوشەم ئۆرگەيىنى ماكان تۇتۇپ يەر-زېمىن ئىگىلىگەن. ئابۇل ھەسەن بۇرۇل غول ئىچىنى ماكان تۇتۇپ يەر-زېمىن ئىگىلىگەن. كېيىن ئاللەي سوپىنىيازنىڭ ئوغۇللىرى پۈتۈن ئاراتۇرۇككە ئىگىدارچىلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ لەقىمى ئاللەي ئىدى. بۇلار ھەققىدە مۇنداق بىر ماقال قالغان:

«ئاللەيلەر يۇرەر سۇرىگى بىلەن، مىلتىق ئاتۇر ئاغزى بىلەن»

چۈنكى ئاللەي جەمەتىدىكىلەر پاراڭنى چوڭ سالىدىغان بولغاچقا بۇلارغا يۇقىرىقى لەقەم ئەۋلاددىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ھازىرغىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھىس قۇلى، نىياز قۇلى دېگەن ئاكا-ئۇكا ئىككى كىشى كېلىپ «چاغا نېچىرغا»

دىگەن جايىنى ماكان تۇتقان. قورۇق دىگەن بىر كەـ
شى كىلىپ تۇپىرۆيلەرنى ماكان تـۇتقان. ئاراتۇرۇككە
ئۇيغۇرلار كـىلىپ ماكانلاشقىلى تەخمىنەن 350 يىللار
ئـەتراپىدا ۋاقىت بولدى.

## نوم يىزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

پاراڭ روزىمەت دەسلىپىدە باي يـىزىسىدا ئول-
تۇراقلاشقان. ئۇنىڭ تۆگىسى بەك كۆپ بولغاچقا باي-
نىڭ بۇلاق سۇيىنى بىر قىتىم تۆگە سۇغارسا ئـۇزۇپ
قوييدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پاراڭ روزىمەت تـۆگە بىـ
قىشقا قولايلىق بـىرەر ئورۇن ئىزدەپ يۈرۈپ نـومنى
كۆرۈپ قالىدۇ. بۇلاق سۇلىرى مول، يەر - زېمىنلىرى
كەڭتاشا، تۇپرىقى مۇنبەت، ئەتراپى يۇلغۇن، توغراقلىق،
هاۋا كىلىماتى ئىسسىق بەك گۈزەل جاي ئىكەن. بۇنى
كۆرگەن پاراڭ روزىمەت نـومنى يۇرت ماكان تۇتۇش
نىيىتىگە كىلىپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ئىلتىماس قىلىدۇ.
قۇمۇل ۋاڭلىقى پاراڭ روزىمەتنىڭ ئىلتىماسىنى تەسـ
تىقلاپ، يەنە ئېرىق چىپىپ سۇ باشلاپ بىرىش ئۇچۇن
300 ئـەمگەكچى بىرىپ ئالتى يـىلدا ئېرىقنى پۈتتۈ-
رۇشكە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. پاراڭ روزىمەت ئۆزى باي
ئادەم بولغانلىقتىن يەنە 300 ئـەمگەكچىنى ئۆز پۇلىـ
غا ئىلىپ جەمئىي 600 ئەمگەكچى بىلەن ئىشقا كىرىشىدۇ.
ئۆزىنىڭ 600 تۆگىسى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىچمـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىغان سۇيىنى توشۇيدۇ. ھەمدە ئاداق غول ئىچىدى-
كى ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالدا زىچ گىرەلە-
شىپ كەتكەن تال - شۇنىلارنى كېسىپ ئېلىپ كېلىپ
ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىغا باسىدۇ. مۇشۇنداق جاپالىق
ئىشلەش ئارقىلىق ئالتى يىل پىلانلىغان ئېرىقنى ئال-
تى ئايدىلا پۈتتۈرىدۇ. سۇنى ئېرىققا باشلىغاندا
ئىدىرەم دېگەن جايغا بېرىپ سۇ ئېرىق ئىچىگە سى-
ڭىپ كېتىدۇ. تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن بۇ جايدا چوڭ
ئۆپقان (سۇ كىرسە - كىرسە توشمايدىغان تۆشۈك)
بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. پاراڭ روزىمەت باي بولغىنى
ئۈچۈن 600 پارچە كىگىزنى تاش - توپىلار بىلەن مۇ-
شۇ ئۆپقانغا تىقىپ، تۆشۈكنى تىندۇرۇپ سۇ سىڭمەي-
دىغان قىلىپ، سۇنى نومغا باشلاپ بارىدۇ. ئېرىق
پۈتكەندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭلىققا مەلۇم قىلىدۇ.
ۋاڭلىقتىن ئادەم چىقىپ يەرنى ئېچىشنى مۇنداق
تەقسىم قىلىدۇ: كارساڭ چوققا دېگەن يەرنىڭ شەرق
تەرىپى پاراڭ روزىمەتكە بېرىلىدۇ. كارساڭ چوققى-
نىڭ غەرب تەرىپى قۇمۇل ۋاڭلىقىغا تەۋە قىلىپ ئاي-
رىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاراڭ روزىمەت ئۈچ ئوغلىنى
بايدىن نومغا كۆچۈرۈپ بارىدۇ. بۇ ئوغۇللارنىڭ
ئىسىملىرى: ھېشىم، ھاسىم، نازىمەت ئىدى. بۇلار
كارساڭنىڭ شەرقى تەرىپىدىن قىرىق دادەنلىك (كونا
مودا 40 مو) يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدۇ. بۇ ئوغۇللاردىن ھېشىم مىراپ بولىدۇ. ئۇ
بەك زالىم ئەمەلدار بولۇپ چىقىدۇ. نومغا كۆچۈپ بارغان

بىچارە دېھقانلارغا ئۆز تېرىقچىلىقىنى قىلدۇرغاندىن
تاشقىرى قومۇل ۋاڭلىقىغا يەنە 80 دادەنلىك (800مو)
يەر ئاچقۇزۇپ تېرىتىپ، بىچارە دېھقانلارنى قاتتىق
ئېزدى. بۇ بىچارە دېھقانلار زۇلۇمغا چىدىيالماي قومۇل
ۋاڭلىقىقا ھېشىم ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. بۇنىڭغا ماس-
لىشىپ ھېشىمنىڭ ئىككى ئۇكىسىمۇ ھېشىم ئۈستىدىن
ئەرز قىلغانلىقتىن، قومۇل ۋاڭلىقى ھېشىمنى بايغا
قايتۇرۇپ بېرىپ، چارۋا دورغىسى قىلىشنى بەلگىلەيدۇ،
ھېشىم نومدا ئاچقان 400 مو يېرىنى قومۇل ۋاڭلىقىقا
تەقدىم قىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن قومۇل ۋېڭى ھېشىمنى
ياخشى ئادەم ئىكەن دەپ باي يېزىسىغا قايتۇرۇپ
كېلىپ ئۇردا كىچىك بۇلاق دېگەن يەردىكى
قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ 5 دادەنلىك ( 50 مو ) يېرىنى بې-
ردى. ھەمدە پۈتۈن ئاراتۈرۈكنىڭ چارۋىلىرىنى باشقۇ-
رۇدىغان چارۋا دورغىسى قىلىپ ئىشقا قويدى. ھېشىم
بەك زالىم ئەمەلدار ئىدى. بۇ چارۋا باشقۇرۇشتىمۇ
خەلققە كۆپلىگەن جەبرى - زۇلۇملارنى سالدى. ئارا-
تۈرۈك چارۋىچىلىرى ھېشىمنى دائىم قاغايتتى. ئۇ
ئاخىرى كېسەل بولۇپ يامانتى كۆندۈ ئىچىدىكى ھې-
شىم بولاق دېگەن يەردە ئۆلۈپ قالدى. ئۆلۈكىنى شۇ
بۇلاقنىڭ بېشىدا قويغانلىقتىن ھېشىم بۇلاق دەپ
ئات قويۇلغان. نومدىكى ئەمگەكچى ئامما نومغا ما-
كانلاشقان كۈندىن باشلاپ تۈرمۇشى زۇلۇم ئىچىدە
ئۆتتى. ئۇلار ھېشىم مىراپ ئۈستىدە قوشاقلارنى قو-
شۇپ قاغىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قارا سايىنىڭ قۇشقاچى،
سايىنى تالىشىپ كېلىدۇ.
شۇغىنىدا ھېشىم مىراپ،
نومنى تالىشىپ كېلىدۇ.

نومدىما بۇغداي تېرىپ،
تەل① بېدىلەر باسسۇن.
ئالتى ئوغۇل ئالتى قىزى،
ئورۇپ كېتالماي ياتسۇن.

نومنىڭ قىرساي دېگەن يېرىنى ھېشىم مىراپ يۇرت تۇتۇپ، بىر مەسچىت سالدۇرغان. خەلق ئاغزىدا ھازىرمۇ ھېشىم مىراپ مەسچىتى دەپ نامى بار. ھېشىم مىراپ ئۆزى ئاچقۇزغان يەرلەرنى قۇمۇل ۋاڭلىقىغا تەقدىم قىلىپ تاشلىغان بولسىمۇ يەنىلا مىراپ يەرلەر دېگەن نامى قالدى. خەلق ئىچىدە «خاندىن شەھەرقەپتۇ» دېگەن تەمسىل بار. ھەركىم بىر ياخشى ئىش قىلسا ياخشى نامى قالىدۇ. يامان ئىش قىلسا يامان نامى قالىدۇ. قۇمۇل ۋاڭلىقى ھېشىم مىراپقا نومنى ئايرىپ بەرگەندىن كېيىن ئىسمىنىمۇ ھېشىم مىراپ قويغان. نام يەر ( نەم يەر ) بولغاچقا نام ئىسىم قويغان، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن تىل ئۆزگىرىشىدىن نەم سۆزى نوم سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. نەم دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، يەر ئاستى سۈيى تېيىز بولىدۇ. 1.5 — 2

① تەل بېدە — قاشقا بېدە

مېتىر كېلىشىلا سۇ چىقىدۇ. ئەتىيازلىقى ئۆزلۈكىدىن سۇ چىقىپلا تۇرغۇنلىغان كۆللەر ھاسىل بولىدۇ. تەبىئىي ئورمانلارنىڭ سانى يوق، نۇرغۇن ئادەم جايلىشىپ يۇرت بولغىنىغا تەخمىنەن 340 يىللار بولدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق بار.

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن توغراقنىڭ سانى يوق.
ھاۋاسى ئىسسىق، جارى① قاتتىق،
خەلقىنىڭ ئىمكانى يوق.

## ئاداق يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئاداق ئەسلىدە نومغا تەۋە ئىدى. ئاداقنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر بۇلاق بار. ئۇ بۇلاق ئاداقتا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ ئىسمىنى «يۇلدۇم بۇلاق» دەپ ئاتايدۇ. يۇلدۇمنى ئەڭ ئەۋۋەل ياغاچچى توختىنىياز، ياغاچچى خۇدابەردى موللا دېگەن كىشىلەر ئاچقان. بايدىكى پاراڭ رىۋايەتنىڭ بىر قىزنى سېيىت ھاشىم دېگەن كىشىگە توي قىلىپ بەرگەن ۋاقىتىدا تويلۇق قوي ئۈچۈن 40 ئەركەك قويغا باھا قىلىپ، پاراڭ پەتتا دېگەن كىشىگە سېتىپ بەرگەن. كېيىنچە چاناق جەمەتىدىكى ئەتاقى دېگەن كىشى سېتىۋالغان. يۇلدۇم ئاتىنىڭ قويۇلۇشىدىكى سە-

① جارى — ماشار.

ۋەب، دەسلەپتە بۇغداي تېرىغان ئىكەن. بۇغداي پاكار بولۇپ قالامغا كەلمىگەچكە يۇلۇپ ئالغان. شۇڭا مۇندا بىر قوشاق قالغان.

ئېتى يوق تاغنىڭ ئېتى،
يۇلدۇم بۇلاق يەرنىڭ ئېتى.
ئىلگىرى بۇغداي تېرىپ،
ئورماي تۇرۇپ يۇلغانىكەن.
شۇ سەۋەبتىن بۇ بۇلاقنى،
يۇلدۇم بۇلاق قويغانىكەن.

كېيىن ئاداقتا بايدىكى چاناق جەمەتىدىكى مەيزىن چاناق ①، ئوغلى شانىياز دېگەن ئادەمەر كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

كېيىنچە تۆت پارچە ئەمەت، ئارزى تۆكۈر دېگەن كىشىلەر كېلىپ ئاداقتا ئورۇنلاشقان. ئاداق نومدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا يۇرت بولغىنىغا تەخمىنەن 250 يىللار بولغان. ئاداق ئىسمى ئاخىرقى جاي دېگەن مەنىدە قويۇلغان. مەيزىن چاناق يالغانچى، ئىش تاپتى ئادەم ئىدى. كېيىن ئۇ قومۇل ۋاڭلىقتا يالغان ئېيتىپ، «قارا سىڭىر دېگەن يەردە نۇرغۇن بوز يەر

① مەزىن چاناق — ئەسلى ئىسمى تۆمۈر نىياز ئىدى. بۇ ۋەجىنىڭ ئىسمى سۆكەن ئىدى. (تاش تۆكمىنىڭ بۇغداي قويىدىغان يەغاج ساندۇقىنى سۆكەن دەيدۇ. سۆكەنىڭ بۇغداي قويىدىغان يېرىنى چاناق دەيدۇ. سۆكەن بوۋاي نەۋرىسىگە چاناق دەپ ئىسىم قويغان).

بارىمكەن، ۋاڭ غوجامغا ئاشقۇزۇپ بەرسەم » دېگەن.
قۇمۇل ۋاڭلىقى بۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئارا-تۇرۇك خەلقىدىن ئەمگەكچى ئېلىپ ئېرىق چېپىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. مەيزىن چاناق ئاراتۇرۇكنىڭ خەلقىدىن نۇرغۇن ئەمگەكچى ئېلىپ ئېرىق - چېپىشقا كىرىشىپ، ئاراتۇرۇك قارلىقىدىكى قۇم كېچىك غولى-نىڭ سۈيىنى 30 كىلومېتىرلىق ئېرىق چېپىپ، قارا سىڭىرغا سۇ باشلاپ ماڭغاندا نايىتاق غول دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىپ سۇ تاش ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپ ئېرىق قۇرۇق قالغان. مەيزىن چاناق سۇ سىڭمەسلىك ئامالىنى تاپالماي ۋاڭلىقنىڭ ئالدىدا جازاغا تارتىل-غان. ئاراتۇرۇك خەلقى مەزىن چاناق ھەققىدە مۇن-داق بىر كۇپلېت قوشاق قوشقان.

ئىشىنىڭ يوقىدا ئىش تاپقان،
مەيزىن — چاناق.
ئۇسسۇلۇققا تەشنا قىلغان،
كۆرەلىك بۇلاق.

ھازىر قارا سىڭىردا مەيزىن چاناقنىڭ بىر سوقما تېمىنىڭ خارابىسى تېخى بار، ئۇ چاپتۇرغان ئېرىقنىڭ ئىزنىمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۇركۆل يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

تۇركۆل، چارۋىچىلار كۆچمەن ھالەتتە تۇرىدىغان جاي ئىدى. قۇمۇلغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ كەلگەن ئادەملەردىن، تۇركۆلگە ھەسەن تىكە، سۇلتا- مەت پايىنەك دېگەن ئىككى ئۆيلۈك ئادەم كۆچۈپ كې- لىپ ماكان تۇتۇپ يۇرت قىلغان. نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەملەرگە يۇقىرىدىقى لەقەم قويۇلىدۇ؟ ھەسەن ساقاللىق ئادەم بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ساناقچى بەگلىرى قوي- چارۋىلىرىنى ساناشقا چىققاندا ھەسەن ئالدىغا ئېگىلىپ سالام قىلغاندا ساقىلى تىكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. بۇنى كۆرگەن بەگلەر «بۇ ئادەمنى ھەسەن تىكە دېسە بولغىدەك» دەپ تىكە لەقەم سىڭىپ قالغان. بۇ ئادەم ئەسلىدە ھەسەن يوسۇل دەپ ئاتىلاتتى. سۇل- تامەت، ئايپاڭباش ئادەم بولۇپ، بۇ كىشىمۇ بەگلەرگە سالام قىلغاندا بۆكىنى ئېلىۋېتىپ سالام قىپتۇ، بۇنى كۆرگەن بەگلەر، بۇ ئادەمنى مۇندىن كېيىن سۇلتامەت پايىنەك دەڭلەر دەپ لەقەم قويغان. ئۇ زامانلاردا ۋاڭ غوجىلارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى - قىلغان كېتەتتى. ھازىر بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ يەت- تىنچى ئەۋلادقا يەتتى. يەنىلا يۇقىرىدىقى لەقىمى بويىچە ئەۋلاد سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

تۇركۆلنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرى لەقەم بويىچە ئاتىلىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاچقىمۇ، تۇركۆلنىڭ

ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە لەقەم كۆپ. مەسىلەن: تولكە، بۆرە، بوزو، قوتۇر، ھەيدەر دېگەندەك لەقەملەرگە ئادەم ئىسمىنى قوشۇپ ئاتايدۇ.

تۇركۆل ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى مۇنداق: تۇركۆلنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان سۇ بولغاچقا تۇرغان سۇ دېگەن مەنىدە تۇركۆل قويۇلغان. بۇ كۆلدىن تۇز ھەم چىقىدۇ. شۇڭا ئاساسەن خەنزۇچىدا يەنچى دەپ ئاتايدۇ. تەرجىمىسى تۇزكۆل بولىدۇ. ھازىرقى ئادەتلەنگەن ئىسمى يەنىلا تۇركۆل دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇركۆلگە ئادەملەر كېلىپ جايلاشقىلى تەخمىنەن 200 يىلدەك ۋاقىت بولدى. ئاشۇ ئادەملەر كۆپىيىپ ھازىر 7 - ئەۋلادقا كەلدى.

## نىرىنكەر يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

نىرىنكەرگە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەركەن دېگەن يېرىدىن ئاكا - ئۇكا ئىككى كىشى كېلىپ ماكان تۇتۇپ ئورۇنلاشقان. بىرسىنىڭ ئىسمى بەختىيار، بىرسىنىڭ ئىسمى غوجامنىياز ئىكەن. شۇ يىللاردا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ پادىشاھى ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، نىرىنكەرگە دەسلەپتە ماكانلاشقان ئادەملەرنى قىرىپ تاشلاپ بەختىيارنىڭ تۆت ياشلىق ئوغلىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ بالىنى ئۇلانباتۇرغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزى ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالىدۇ. بۇ بالا بەك ئېقىللىق بالا ئىكەن. ئۇ موڭغۇل تىل -

يېزىقىدا مەكتەپتە ئوقۇپ ئىلىم ـ بىلىمگە ئىگە ئاد
بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. 14 ياشقا كىرگەندە موغۇل
پادىشاھى بۇ بالىنى ئات باقارلارغا باشلىق قىـ
لىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موغۇل پادىشاھىنىڭ ئايال
نەۋكەرلىرىدىن بىر موغۇل ئايال بالىغا مۇنداق
دەيدۇ: «سەن موغۇل پادىشاھىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس،
سېنىڭ ئەسلى ئاتا ـ ئاناڭ ئۇيغۇر ئىدى، موغۇل
پادىشاھ سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ سېنى
بۇلاپ كەلگەن. ئەسلى يۇرتۇڭ نېرىنكىر ئىدى. سەن
قېچىپ كەتكىن. پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىدا بەيگىدە
يۈز ئاتتىن ئېشىپ كەتكەن بىر كۆرەك ئات بار، دەسـ
لەپتە شۇ ئاتنى ئېگەرلەپ مىنگىن. بەيگىدە 1000
ئاتتىن ئېشىپ كەتكەن بىر قارا ئات بار، شۇ ئاتنى
يېتەكلىۋالغىن. ئوردىنىڭ ئىشىكىدىن چىققۇچە شىكار
قىلىپ ئويناپ كېلىمەن دېگىن، دەرۋازىدىن چىقىپلا
قومۇلنىڭ قارلىق تاغلىرىنى نىشان قىلىپ قاچقىن،
سېنى قوغلاپ بارغانلارنىڭ ئات تۇيىقىدىن ئۆرلىگەن
چاڭ ـ توزانلار يېقىنلاشقاندىن كېيىن دەرھال ئېگەرنى
قارا ئاتقا توقۇپ، كۆرەك ئاتنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ سىـ
ڭىرىنى كېسىپ سېلىپ، قارا ئاتنى مىنىپ قاچساڭ،
سېنى قوغلاپ بارغۇچىلار تۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېـ
تىپ قايتىپ كېتىدۇ» دەپ بالىغا ھەممىنى ئۆگىتىپ
قويىدۇ. بالا ئايال ئېيتقان سۆز بويىچە ئىش كۆرۈپ
قېچىپ نېرىنكىرگە چىققان، قوغلىغۇچىلارمۇ بۇ بالىنى
تۇتۇشقا كۆزى يەتمەي يېرىم يولدىن قايتىپ كەتكەن.
بۇ بالا نېرىنكىرگە چىققاندىن كېيىن ئۆزى ھەلىپ

چىققان قارا ئاتنى قومۇل ۋاڭىغا تەقدىم قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، قومۇل ۋاڭلىقى بۇ بالىنىڭ غوجاقۇل ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ نېرىدىكىلەر خەلقىگە باشلىق قىلغان. غوجاقۇلدىن ھازىرغا قەدەر نېرىدىكىلەر يۇرت بولغىلى 200 يىل چامىسىدا ۋاقىت بولۇپ، جەمئىي 7 - ئەۋلادقا يەتتى.

قومۇل ۋاڭلىقىغا تەقدىم قىلىنغان قارا ئات ۋاڭلىقنىڭ ئاتخانىسىدا تۇرۇپ ئالتى ئايغىچە ئوتنى ياخشى يېمەي، سۇنىمۇ ياخشى ئىچمەي، ئۆز ماكانىنى ئەسلەپ، كىشنەپ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئات باققۇچىلار ۋاڭغا مەلۇم قىلىپتۇ. ۋاڭ «بۇ ئاتنى تاغقا قويۇپ بېرىڭلەر، بۇجانىگار ئۆز ھاۋاسىنى سېغىنىپ قالغاندۇ. ئەمما جايلاردىكى يول ئېغىزلىرىغا كۆزەتچىلەر قويۇلسۇن» دەپ پەرمان بېرىپتۇ. ئاتنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن بۇ ئات بىر چاپقىنىچە قومۇلنىڭ جەنجەندۇڭ دېگەن يېرىدىكى چىقىپ بىر ئېغىناپ قويۇپتۇ - دە، تاغقا قاراپ چېپىپ مېڭىپ كۆمگۈزا (قوقىنىڭ ئاغزى) داۋاننىڭ بېشىغا چىقىپ بىر قېتىم ئېغىنىغان. ئۇ يەردىن تۇرۇپ بىر چاپقىنىچە ئېرىنكىردىمۇ توختىماي كۆكتوم داۋاننىڭ بېشىغا چىقىپ بىر ئېغىناپ قويۇپ مىڭگان تاغلىرىنى ئوبدان پەرق ئېتىۋالغاندىن كېيىن، تاغدىن چۈشۈپ شۇ چاپقىنىچە ئاشقى موڭغۇل چېگرىسىغا كىرىپ كەتكەن. ئاتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغۇچىلارمۇ يېتىشەلمەي قايتىپ چىققان.

قېدىمقىلاردا: «ئات ئۆز ئوقۇرىغا قايتىدۇ» دېگەن تەمسىل بار ئىكەن. بۇ قارا ئاتمۇ ئۆز ھاۋاسىغا قاي-

www.uyghurkitap.com

تىپ كەتتى. غوجاقۇل ھەم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. «كىشىنىڭ يۇرتىدا، كىشىنىڭ قالغىنى يوق» ئىكەن.

ئېرىنچىگە قازاق مىللىتى كېلىپ ماكانلاشقىنىغا تەخمىنەن 102 يىللار ئەتراپىدا ۋاقىت بولدى. بىرىنچى رەتتە ئېرىنچىگە كەلگەن ئاكا - ئۇكا تۆت كىشى ئىدى. ئۇلار، شاياخمەت، بەردىمەت، ھادايە، ئايەمبەتلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ كەردىيى ئۇۋاق ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىر تۇركۇم كىشىلەر ئېرىنچىگە كەلگەن. ئۇلار بوخۋاسار، قارساقباي، يەكشەنبە، ناۋكەن قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەردىيى نايمان ئىدى. ئېرىنچىگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 20 ئۆيلۈكتەك ئادەملەر كېلىپ يازلىقى ئولتۇرىدۇ. كېيىن بىر جاينى مۇقىم يۇرت تۇتۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭلىقتىن ئۆي، ماكان سالدۇرغان ئورۇن سورايدۇ. قۇمۇل ۋاڭلىقى يولبارسنى چىقىرىپ قازاق يولداشلارغا ئۆي سالدۇرغان يەرنى ئايرىپ بېرىدۇ. بۇ يەر كۆڭگەرەك غول ئىچىدىكى قۇم تاغدىن يۇقىرىغا قاراپ كۆڭگەرەك غولنى بويلاپ شاۋۇر دېگەن يەرنىڭ ئاستىغىچە بولغان يەرنى ئايرىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايدا ماكانلىشىپ 10 نەچچە ئېغىزلىق پەن بىلەن ئۆي سالغان. بىر مەسچىت، بىر مەكتەپنى ھەم ياغاچ پەن بىلەن سېلىپ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان. بۇ تەخمىنەن 1885 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئايەمبەت شۇ يەرگە جايلاشقان قازاق ئېلىگە شاڭيۇ بولۇپ 1938- يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرىدۇ. شۇ يىللاردا شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى قازاق ئېلىنى قورال تاپشۇرۇشقا

قىستاپ، ئاۋۋال باشلىقلىرىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قولغا ئېلىپ ئېغىر زۇلۇم سالغانلىقتىن 1938 يىلى 11-ئايلاردا بارىكۆل ۋە نېرىنكىردە ئولتۇراقلاشقان قازاق ئېلى نۇرغالى شاگيۇ، ئايەمبەت شاگيۇلارنىڭ باشلامچىلىقىدا نوم، بايلارنى بېسىپ، ئىچكى ئۆلكىگە قېچىپ كېتىپ قالغانلىقتىن، كۆڭگىرەكتىكى يۇرتى بىر غارابىلىقىقا ئايلىنىپ تۇگەپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا قاچالماي نېرىنكىردە تۇرۇپ قالغان 8 — 10 ئۆيلۈك قازاق يولداشلار نېرىنكىرنىڭ ئۇيغۇر خەلقلىرى بىلەن بىر ئاتىنىڭ بالىسىدەك قېرىنداش بولۇپ ھازىرغىچە نېرىنكىرنى يۇرت قىلىپ گۈللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

نېرىنكىر يېزىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان. يازلىق يايلاقلىرى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتردىن ئېگىز كېلىدۇ. يازنىڭ ئالتىنچى ئايلىرىدىمۇ قار يېغىپ، قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، مال - چارۋىلارنى مۇزلىتىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولغان. شۇڭا خەلق ئىچىدە مۇنداق قوشاقلار بار.

دازىگو ① سەرۋەك ئارا،
تىزدا يېغىپتۇ قارىلار.
بىزنىمۇ ياتلاندىمىكىن،
ئارقىدا قالغان يارىلار.

---

① دازىگو — نېرىنكىرنىڭ ھازىرقى ئورنى بولۇپ، ئەتىيازدا ۋە ياز كۈنلىرىمۇ دەھشەتلىك قار - شىۋىرغانلاردا قالغان بەزى ئادەملەر مۇزلاپ ئۆلۈپ قالغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 3. ئاراتۇرۇكتە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى

ئاراتۇرۇك ئەسلىدە قۇمۇلدىكى مۇڭدار خوتۇنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر تۇركۇم كۆچمەن چارۋىچىلار ماكانلاشقان ئورۇن ئىدى. بۇلار، بۇددىست ئىدى. ئاراتۇرۇكتە ئىسلامىيەت كىرگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. مەسىلەن، 1594 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام جەمئىيىتى، ئەرشىدىن غوجا دېگەن كىشىنى بىر نەچچە يۈز ئەسكىرى بىلەن قۇمۇل ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار قۇمۇلغا كېلىپ مۇڭدار خوتۇن بىلەن كۆپ قېتىم جەڭلەرنى قىلىپمۇ قۇمۇلنى ئىشغال قىلالمىغان. ئەرشىدىن غوجا قۇمۇلنى تاشلاپ ئاراتۇرۇك، بارىكۆل تەرەپلەرگە چىقىپ بۇددىستلار بىلەن كۆپلىگەن جەڭلەر قىلىپمۇ غەلىبە قىلالمىغان. بەلكى ئۆزلىرى قىرىلىپ كەتكەن. ئاراتۇرۇكتە شېھىد بولۇپ يېتىپ قالغان، ئەرشىدىن غوجىنىڭ ئادەملىرىدىن 4 نەپەر كىشىنىڭ مازىرى ھازىرمۇ بار. مەسىلەن، ئاراتۇرۇك غول ئىچىدە چوڭداراخ غوجام (ئىسمى غوجى ئەبەيدۇللا ئەنسارى) نىڭ مازىرى بار. بۇ كىشىنىڭ بېشىغا خاتىرە كۇمبەزنى 1948 - يىلى ھەسەن تۇڭگان

قوپارتىپ قويغان. ئاراتۇرۇكنىڭ ئۆرگەي كەنتىدە ئاق گۈمبەز غوجامنىڭ مازىرى بار. بۇ گۈمبەز ئىچىدە ئۈچ كىشىنىڭ قەبرىسى بار. ئۇلار سەيدۇللا غازى، سېيىت غازى، غوجابدۇللا غازىلاردىن ئىبارەت.

راشىدىن غوجا ئاراتۇرۇكتىكى ئۇرۇشلاردىمۇ مەغلۇپ بولۇپ بارىكۆلگە بېرىپ بۇددىستلار بىلەن 18 كۈن جەڭ قىلىپ يەنىلا مەغلۇپ بولۇپ نېرىنكىرىنىڭ چوڭدارا خىلىق غولى ئىچىگە چېكىنىدۇ. بارىكۆلدىكى بۇددىستلار قوغلاپ بېرىپ چوڭدارا خىلىق غول ئىچىدە قاتتىق جەڭلەرنى قىلىدۇ. راشىدىن غوجا بۇ جەڭدە شېھىت بولىدۇ. ئەسكەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى قېچىپ كېتىپ قالىدۇ. راشىدىن غوجىنىڭ مازىرىنى 1928 - يىللىرى شامەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن پىياز كۆكى رەڭگىدە سىرلىتىپ بىر ياغاچ پەنجىرە قىلىپ كۆتەرتىپ قويغان. بۇ جاي ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە قوغداش ئورنى. بۇ ئاراتۇرۇككە بىرىنچى قېتىم دىن تەشەببۇسچىلىرى كىرىپ ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاراتۇرۇك يەنىلا بۇددىستلارنىڭ قولىدا تۇرىۋېرىدۇ.

ئاراتۇرۇككە ئىككىنچى قېتىم دىن ئىسلامنىڭ كىرگەن ۋاقتى تەخمىنەن 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، مۇھەممەت شاھى ھېكىمبەگ تەرىپىدىن ئورغۇن قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق ئاراتۇرۇكتىكى بۇددىستلارنى يوقىتىپ رەسمىي ئىسلام دىنىنى تۇرغۇزغان. مەسىلەن، مۇھەممەت شاھى ھېكىمبەگ 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قۇمۇلنىڭ تاغ رايونلىرى بولغان ئاراتۇرۇك،

تۇركۆل، نوم، ئاداق قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان ئاراپتان باشچىلىقىدىكى بۇددىستلار تەر-
پىدىن قىزىلغا خەۋەپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن زور قوشۇن تەييارلاپ، مىڭ كىشى-
لىك قوشۇننى ئارقا سەپتە قالدۇرۇپ، ئۆزى مىڭ كى-
شىلىك قوشۇن بىلەن بارىكۆل، ئاراتۇرۇككە قاراپ
يولغا چىقىدۇ. بارىكۆل ناھىيىسىگە كېلىپ ئىككى كۈن
چۈشكۈن قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. بارىكۆلدىكى بۇد-
دىستلارمۇ ئاراتۇرۇك تەۋەسىدىكى كاۋىنىيار، ئۇزۇن
بۇلاق قاتارلىق جايلارغا يىغىلىپ ئۇرۇش ئۈچۈن قو-
شۇن تەييارلاپ تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئاراتۇرۇككە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بولا تۇر-
كۆل بىلەن ئاراتۇرۇكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاراسىگىر
دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئاندىن بۇد-
دىستلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىۋالغان-
دىن كېيىن، دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. جەڭ
تۆت كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىدۇ. مۇھەممەت شاھى ھې-
كىمبەگنىڭ قوشۇنى زور چىقىمدار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ-
رۇش شارائىتى ئەپسىز ئىدى. دۈشمەنلەر تاغ بېشىدا،
مۇھەممەت شاھنىڭ قوشۇنلىرى تۈزلەڭلىكتىن بېسىپ
كىرگەنلىكتىن ئالغا ئىلگىرىلەش شارائىتى قىيىن ئى-
دى. بۇ خىل ئوڭۇشسىزلىق ئاستىدا مۇھەممەت شاھى
ھېكىمبەگ ئۆزى ئۇرۇشقا باشچىلىق قىلىپ دۈشمەنگە
بۆسۈپ كىرىپ كىرەلىشىپ ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا
مۇھەممەت شاھى ھېكىمبەگنىڭ سول قولى مۈرىسىدىن
ئېغىر يارىلىنىدۇ. مۇھەممەت شاھى ھېكىمبەگ ئۆزىنىڭ

بۇ ئىخىز جاراھەتمگە پەرۋا قىلماي ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئارقا سەپتىكى مىڭ كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىدۇ. بۇددىستلارغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ قانلىق چوڭ ئۇرۇش باشلىنىپ دۈشمەننىنى قىرىشقا باشلايدۇ. دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي ئاراتۇرۇككە قاراپ چېكىنىپ قاچىدۇ. مۇھەممەت شاھى ھېكىمبەگنىڭ قوشۇنى بۇددىستلارنى كەينىدىن قوغلاپ ئاراتۇرۇكنىڭ تاش قورا دېگەن يېرىدە قاتتىق جەڭ قىلىپ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاز بىرقىسمىنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مىڭغان دېگەن يېرىگە قاچۇرۇۋېتىپ ئىسلام تۇغىنى ئاراتۇرۇك، نومغىچە بولغان يۇرتلارغا قاداپ قويۇپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاراتۇرۇكتە ئىسلامىيەت ئورنىشىپ، ئۇيغۇرلار ماكانلىشىپ مەلۇم يىللارغىچە قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ چارۋىچىلىق زېمىنى بولۇپ كەلگەن.

مۇھەممەت شاھى ھېكىمبەگ شۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن، مۇھەممەت شاھى غازىبەگ دەپ نام ئالغان. ئۇ ئادەم ئاراتۇرۇكتىكى جەڭدە قاتتىق يارىلانغاندىن كېيىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قۇمۇلدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەبەيدۇللا تەرخانبەگ قۇمۇلغا باشلىق بولۇپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 4. ئاراتۇرۇك ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى

ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرت بولۇپ، ھەممىسىدىلا بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن. ئۇلار تۈركى قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، «تۇرالار» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم نامى ئىدى. شۇڭا — ئاساسەن ئاراتۇرۇك دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق كۆز قاراشلارمۇ بار: ئەسلى بۇندىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاراتۇرۇك تۇرۇكلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، بۇ خەلقلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاراتۇرۇكنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ياشىغان تۇرۇكلەر شەرقىي تۇرۇك (ئىچكى موڭغۇل، سۇجۇ)، غەربىي تەرىپىدە ياشىغان تۇرۇكلەر غەربىي تۇرۇك (بارىكۆل، ئالتاي تاغلىرى) دەپ ئاتالغان. ئەمدى ئاراتۇرۇكغەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى تۇرۇكلەر ماكانلاشقان بىپايان يايلاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلگەچكە، ئاراتۇرۇككە جايلاشقان تۇرۇكلەرنى — «ئاراتۇرۇك» دەپ ئاتىغان. بۇ ئوتتۇرىدىكى تۇرۇك دېگەن مەنىگە ئىگە.

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق قاراشلارمۇ بار: ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى بولغىنى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر «تۇرۇك» سۆزىنى «تۆرۈككە»

ئۆزگەرتىپ، ئاراتۆرۈك دەپ ئاتاش مۇۋاپىق دەپ قارىغان.

1866 - يىللىرىغا كەلگەندە «ئاراتۈرۈك» ئىسىم ئاراتۆرۈككە ئۆزگەرگەن. قۇمۇل ۋاڭلىقى ئاراتۈرۈكتىكى دورغىلارغا تەمتەك (تامغا) تارقىتىپ بەرگەندە، ئاراتۈرۈك دېگەن ئىسىم نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلغان. ئاراتۈرۈكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مىراپى شاتۆمۈر دېگەن كىشى مۇنداق ئىزاھلىغان: «ئاراتۈرۈك ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى ھەم ئالتە بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسى ① بىزنىڭ بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇ ئالتە بۇلاقنىڭ بېشىنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان. شۇڭا ئاساسەن بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالتە تۈرۈك دەپ ئاتىلاتتى. بىز بۇندىن كېيىن ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى، ئالتە بۇلاقنىڭ ئوتتۇرىسى — دېگەن ئۇقۇم بويىچە «ئاراتۆرۈك» دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق» دېگەندىن كېيىن تامغا ئويدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ چىققان قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئەمەلدارى مەمەتسىدىقكا ھەم شاتۆمۈر مىراپنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ «ئاراتۆرۈك» ئىسمىنى بېكىتىپ تامغا ئويدۇرۇپ تارقىتىپ بەرگەن.

ئاراتۆرۈك خەلقى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزلىرىگە ھوقۇق بېرىلگەن تامغا توغرىسىدا مۇنداق قوشاق توقۇپ قالدۇرغان:

---

①. ئالتە بۇلاقلار: 1. ئۆزۈن بۇلاق، 2. بۇرۇلىق بۇلاق، 3. بېدىلىك بۇلاق، 4. ياپىلار بۇلاق، 5. شارتۆپىلە بۇلاق، 6. بەلاجەرتوگكە بۇلاقلاردىن ئىبارەت.

ئالا ئات كىمنىڭ ئېتى،
مەمەتسىدىقكانىڭ ئېتى.
ماڭدى بېيجىڭگە قاراپ،
قولىدا تەمتەك خېتى.

ئاراتۆرۈك دېگەن ئىسىم توغرىسىدا يەنە مۇنداقمۇ قاراش بار.

ئاراتۆرۈكنى «يەۋۈلو»، «يەۋۈگو»، «يىمۇ» دەپ ئاتاشلارمۇ بار. بەزىلەر بۇ ئاتاشلارنى خەنزۇچە ئاتالغۇ دەپمۇ قارايدۇ. ئەسلىدە بۇ خەنزۇچە ئاتالغۇ بولماستىن، تۈركى تىل بويىچە «ئىۋىرغول» ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىۋىرغول دېگەن، ئەركىم - بورغۇم غول دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئاتاش: «يەۋۈلو»، «يىمۇگو» لار تىل ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەردۇر.

يەنە بەزىلەر، ئاراتۆرۈك دۆلەت ئىدى، ئورنى كۆڭگىرەكتىكى قۇم تاغ ئاستىدا دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. بىز قۇمتاغ ھەققىدىكى بۇ خىل رىۋايەتكە قارىساقلا ئەھۋال ئايدىڭ بولىدۇ.

«كۆڭگىرەك» نى خەنزۇچە «خوڭسەنكو» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەر ناھىيە بازىرىدىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا 85 كىلومېتر كېلىدۇ. دائىرىسى: شىمالىدىن جەنۇبقا ئالتە كىلومېتر، شەرقتىن غەربكە تۆت كىلومېتر كېلىدۇ. ئورنى بىر ئويمانلىقتا بولۇپ ئازراق شامال چىقسىلا دولقۇنسىمان قۇم بارخانلىرى ئۆزلۈك-

سىز ھەرىكەتلىنىپ ئۇرۇن يۆتكەپ تۇرىدۇ. بۇ قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە قىشلىقى قار تۇرمايدۇ. يازلىقى ئوت - چۆپ ئۈنمەيدۇ، بوران چىقىش ھامان تۇمەنلىگەن چەۋەندازلار ئات ئوينىتىپ جەڭگە چۈشكەندەك ھەيۋەتلىك سادالارنى چىقىرىدۇ. «غەربىي دىيارنى تىنجىتىش نازارىتىنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «كىشىلەر كۆن تۇتۇق بولغان جىمجىت كېچىلەردە قۇم بارخانلىرىدىن ھەر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلايدىكەن.» دېھقانلار يەنە قۇمتاغنىڭ غەربىي تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇقيا قاتارلىق جەڭ قوراللىرىنى قېزىۋالغان. «كېيىنكى خەننامە غەربىي رايون تەزكىرىسىدە» يېزىلىشىچە: «شەرقىي خەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاراتۇرۇكتە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى ماۋكەي 500 ئەسكەرنى باشلاپ، شىمالىي ھونلارنىڭ خانى نۇرخويەن بىلەن باركۆل كۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن قوشۇنىبويىچە گۇمران بولغان». چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شياۋشيۇ — «غەربىي دىياردىكى بايانى شېئىرلار» دېگەن كىتابىدا بۇنداق دەپ يازىدۇ: «كۆن تۇتۇلۇپ جاھان قاراڭغۇلاشقان ياكى سىم - سىم يامغۇر ياغقان كۈنلەردە تۇمەنلىگەن ئەسكەر ۋە ئۇرۇش چادىرلىرى كۆزگە نامايەن بولغاندەك بولىدۇ» ئۇ يەنە مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغان:

كۆرۈندى جەڭ چادىرلىرى غۇۋا تۇمان ئىچىدە،
قۇم بارخانلىرى بولدى شۇندا ئۇرۇن كۆرپە.

ھەي ئىسىت بىچارە باتۇر ئوغلانلار،
قالدى كېچىدە بېسىلىپ قۇم تېگىگە.

بۇ توغرىسىدا ھازىرقى شائىرلارمۇ مۇنداق بىر كۆپلىت شېئىر يېزىپ قالدۇرغان:

كىشىلەر ئۇيقۇلۇق جىمجىت يېرىم كېچىدە،
ئالدى قۇمتاغ ئۆزىنى غۇۋا پەردە ئىچىگە.
ياتسىمۇ گەر قۇم ئاستىدا خەن ئەسكەرلىرى،
كېلەر ئۇندىن جەڭ ساداسى چىقىپ تازا ئەۋجىگە.

بۇ شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ماۋكەيىنىڭ بارلىق ئەسكىرى مۇشۇ قۇمنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغان. بۇ قۇم تاغنىڭ ئاستى ئەسلىدە بىر سازلىق بولۇپ، ماۋكەينىڭ بارلىق ئەسكىرى شۇ سازلىقتا كېچىسى چادىر تىكىپ ھاردۇق ئېلىپ يېتىپ قالغان. يېرىم كېچىدىن كېيىن غەرب تەرەپتىن تاتتىق بوران چىقىپ، بارىكۆلنىڭ كۆيسۇ دېگەن جايىدىكى قۇمنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، كۆكگىرەك غولىنىڭ جەنۇبىدىكى ماۋكەيلەر ياتقان سازلىققا كەلگەندە، شەرق تەرەپتىن ھەم بىر خىل ئايلانما بوران چىقىپ، كېلىۋاتقان قۇمنى ئايلاندۇرۇپ ئۇچۇرۇپ ئالدىنى توسۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن قۇم ئىككى تەرەپتىن كەلگەن شىددەتلىك بورانىنىڭ تەسىرىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ، ماۋكەيلەرنىڭ پۈتۈن ئەسكىرىنى بېسىپ ئۆلتۈرگەن. قۇم شۇ جايغا

ماكانلىشىپ قالغان. ھازىرمۇ كۈن راسا قىزىغان ۋاق-
تىدا قۇم تاغنىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز توخۇلار چىللى-
غاندەك، ئۈتۈشكەلەر ھاڭگىرىغاندەك غاغىلىغانتەك ئاۋازلارنى
ئاڭلايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئاراتۇرۇكنىڭ هاكىمىيەت تارىخى

ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتتىن تەركىب تاپقان جاي بولۇپ، بۇ ئالتە يۇرت دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئايرىم - ئايرىم باشلىق بەلگىلەپ، قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى.

قومۇل ۋاڭلىقى باشقۇرۇشقا ئوڭۇشلۇق بولسۇن دېگەن مەقسەتتە، يۇقىرىقى ئالتە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسى بولغان ئاراتۇرۇكنى نۇقتا قىلىپ، ئاراتۇرۇكنىڭ قالغان بەش يۇرتىنى بويسۇندۇرغان قىلىپ بېكىتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئاراتۇرۇك مىراپى ئالتە يۇرتنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇپ كەلدى.

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مىراپلىق تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۈچ بەگلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. ئۈچ بېگىنىڭ ئاستىدىكى يېزىلاردا دورغىلىق تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. بۇ ۋاڭلىق دەۋرلىرىدىكى هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىدى.

قومۇلدىكى ۋاڭلىق تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ، جىڭشۇرېن هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئاراتۇرۇكتە شېجېجۈي قۇرۇلۇپ (يېرىم ناهىيە) جۈيجاڭ، فۇجۈيجاڭلىق تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، يېزىلاردا

بولسا چۇيجاڭ ـ سۇگجاگلىق تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

شىڭشىسەي دەۋرىگە كەلگەندە ناھىيىگە ئۆزگەرتىپ شيەنجاڭ، فۇشيەنجاڭ تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. يېزىلاردا يەنىلا چۇيجاڭ، سۇگجياگلىق تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

شىڭشىسەي ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ناھىيە ئورنىدا شيەنجاڭ تۈزۈلمىسىدىن باشقا گومىنداڭ فىرقىسى ( داڭبۇ ) قۇرۇلدى. يېزىلاردا سەيىي، باۋجاڭ تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

ئاراتۇرۇك يۇرت بولۇپ ۋاڭلىق تۈزۈمى ئاخىرلاشقانغا قەدەر جەمئىي توققۇز مىراپ ھاكىمىيەت تۇتۇپ كەلدى. مىراپلارنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(1675 ـ يىللاردىن 1934 ـ يىللارغىچە)

| تۈرى / ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ئەسلى يۇرتى | ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىمىياز | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك بېدىلىك | 1675 — 1680 | |
| ئېلمىيار | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك بېدىلىك | 1681 — 1700 | |
| غوجىيار | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك بېدىلىك | ئېنىق ئەمەس | |
| خۇداۋەردى | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك توپ ئۆيلەر | ئېنىق ئەمەس | |
| غوجامبەردى | ئۇيغۇر | مىراپ | قۇمۇل شەھىرىدىن | 1866 — 1870 | |
| خالمەت | ئۇيغۇر | مىراپ | قۇمۇل خوتۇنتام | 1871 — 1889 | |
| شاتۇمۇر | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك توپ ئۆيلەر | 1890 — 1899 | |
| بوسۇق | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك چوڭتاش | 1900 — 1919 | |
| ئابدىنىياز | ئۇيغۇر | مىراپ | ئاراتۇرۇك شار ئۆيلەر | 1920 — 1934 | |

ئابدىنىياز ئاراتۇرۇك يېزىسىنىڭ مىراپلىقىنى ئۆتىگەندىن تاشقىرى توققۇز يۇرتنىڭ ئۈچ بېگى بولدى. (سۇ بېگى، دېھقانچىلىق بېگى، چارۋىچىلىق بېگى)

بۇ تۇقۇز يۇرت تۆۋەندىكىچە: (دورغا، مۇپتى، قورماللىرىنىڭ ئىسمىلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى)

| تۈرى / يۇرت ئىسمى | قورغىنىڭ ئىسمى | مۇپتى (مۇئتۇۋوپ) ئىسمى | قورماللىرىنىڭ ئىسمى | |
|---|---|---|---|---|
| تۆمۈرتى | تاھىرغوجامنىياز | | جەرۆل | |
| خوتۇنتام | سۇۋۇر | مۆمىن | ئىبراھىم | |
| شوپۇل | سالى مەمەتنىياز | پەتتۇللا | شانىياز | |
| ئاراتۈرۈك | ئابدىنىياز | توختىنىياز | توخسۇن | مىراپ ئەمدى |
| تېرىنكىر | مەمەتئىمىم | ئازاكىر ناسىر | سادىق | |
| تۆركۆل | باقىنىياز | پەيزۇللا | ئىمىن | |
| باي | ئابدۇل مىراپ | بوسۇق | تۇرغان | مىراپ ئەمدى |
| ئاداق | ئابدىراخمان ھاجى | توختىنىياز | توختى | |
| توم | سالى ئابدۇراخ زاق | [illegible] | توختى[illegible] | |

يۇقىرىقى ئەمەلدارلاردىن باشقا تۆت نەپەر دېھقان بېگى بار ئىدى، ئۇلار: ئىبراھىم دېھقان، ئايبەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

( ياقۇپ ) دېھقان، سادىق دېھقان، پازىل دېھقانلار ئىدى.

بۇ تۆت دېھقان بېشىنىڭ باشقۇرۇشىدا قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ 82 تاغارلىق يېرى بار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى تېرىش، يىغىش، ساقچىغا كىرگۈزۈش بەلكى ئاشلىقلىرىنى قومۇلغا توشۇپ بېرىشكىچە بولغان بارلىق ئىشلىرىنى مۇشۇ توققۇز يۇرتنىڭ خەلقى ئىشلەپ ئاخىرلاشتۇراتتى.

تەپسىلاتى مۇنداق:

( 1 ) ئىبراھىم دېھقاننىڭ باشقۇرۇشىدا 25 دادەنلىك يەر بار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى نوم خەلقى تېرىپ-تىكىپ ۋاڭلىققا تاپشۇراتتى.

( 2 ) سادىق دېھقاننىڭ باشقۇرۇشىدا 17 دادەنلىك يەر بار بولۇپ بۇ يەرلەرنى، باي بىلەن خوتۇنتام، شوپۇل خەلقى تېرىپ - تىكىپ ۋاڭلىققا تاپشۇراتتى.

( 3 ) پازىل دېھقاننىڭ باشقۇرۇشىدا 25 دادەنلىك يەر بار بولۇپ بۇ يەرلەرنى، نېرىنكىر، توشو، تۆمۈرتى خەلقلىرى تېرىپ - تىكىپ ۋاڭلىققا تاپشۇراتتى.

( 4 ) ياقۇپ دېھقاننىڭ باشقۇرۇشىدا 15 دادەنلىك يەر بار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى ئاداق، تۇركۆل خەلقلىرى تېرىپ - يىغىپ ۋاڭلىققا تاپشۇراتتى.

1931 - يىلى ( جۇڭخۇا مىنگونىڭ 20 - يىلى ) ياڭزېڭشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قومۇلنىڭ توغىچىنى ناھىيە بولۇشتىن قالدۇرۇپ، ئاراتۇرۇك ناھىيە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئاراتۇرۇكتە دېھقانلار قوز-

غىلىگى پارتلاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ بۇيرۇق ۋاقىتىنچە ئەمەلدىن قالغانىدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى غەلىبىگە ئېرىشەلمەي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىڭشىسەي (تەخەللۇسى چىن يۈن ئىدى) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ 1934 - يىلى ئارا-تۈرۈكتىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاراتۈرۈكتىكى مىراپلىق تۈ-زۈلمىسى دەۋرى ئاخىرلاشتى.

چىن شۈرىن، شىڭشىسەي دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى مۇنداق ئىدى:

1937 - يىلى يېرىم ناھىيە دەپ ئايرىلىپ ئارا-تۈرۈكتە شەجەجۈي قۇرۇلدى. يېزىلاردا پەيچىسولارنى قۇردى. مەمۇرىي جەھەتتە، جۇيجاڭ، سۇگجاڭلارنى يەل-گىلىدى. بۇ تۈزۈم 1937 - يىلىدىن 1942 - يىلغىچە داۋام قىلدى. 1942 - يىلى ئاراتۈرۈك ناھىيە بولغان-لىقى جاكارلاندى.

شىڭشىسەي 11 يىل ھۆكۈم سۈردى.

شەجەجۈيگە دەسلەپتە ھابكۆلدىن (با فامىلىلىك) ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ، جۇيجاڭ قىلدى. ئابدىنىياز مىراپ مۇئاۋىن جۇيجاڭ بولدى. 1934 - يىلىنىڭ ئا-خىرىسىدا ئابدىنىياز مىراپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەتكەندىن كېيىن قۇمۇل توغچىدىن نىياز قىزى دېگەن كىشىنى ئېلىپ كېلىپ مۇئاۋىن جۇيجاڭ قىلدى. بۇلار 1937 - يىلى 9 - ئايلارغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىڭشىسەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىيىتىنى بۇزۇپ، شىنجاڭدا خوجىنىياز ھاجىنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىلا، ئابدۇنىياز مىراپ، نىياز قىزىلارنىمۇ قولغا ئالدى. باشەنجاڭنى يۆتكەۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا، جاڭجۇن ئىسىملىك بىر خەنزۇنى جۇيجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. جاڭجۇن بولسا خوراپىيلىقى بەك ئېغىر بۇتپەرەس ئادەم ئىدى. ئۇ ئاچكۆز، پەخسىق ئادەم بولۇپ، 1939 - يىللارغىچە جۇيجاڭ بولدى. 1939 - يىلى كۈز پەسلىگە كەلگەندە فۇگزۇڭتاڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇنى ئېلىپ كېلىپ، جۇيجاڭ قىلدى. نوملۇق سەدەننى مۇئاۋىن جۇيجاڭ قىلدى. بۇلار باشلىق بولغاندىن كېيىن يۇرتنى يامان ئەمەس سوردى. چۈنكى فۇگزۇڭتاڭ شىنجاڭ مەدەنى كادىرلار مەكتەپىنى پۈتتۈرگەن، سەدەن بولسا، قەشقەر، ئاقسۇلاردا ئىككى يىل ئوقۇپ ماركسىزم دەرسلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاراتۈرۈككە باشلىق بولغاندىن كېيىن ئاراتۈرۈك ئالتە يۇرتنىڭ ھەممىسىدە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مەدەنىي - مۇئارىپ ئىشلىرىنى خېلىلا تەرەققىي قىلدۇردى. فۇگزۇڭتاڭ ئىلمىي ئادەم ئىدى، ئۇ مەكتەپلەرگە دەرس ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇدائىم ئاراتۈرۈكتىكى نۇقتىلىق مەكتەپكە كېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەمدە گېرمانىيە فاشىستلىرىگە قارشى دەرس سۆزلەيتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ئېقىم مەسىلىلىرىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى. خەلققە باشچىلىق قىلىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ كوچىلارنى

ئايلاندۇراتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا تۆۋەندىكى شېئىر-
لارنى ئۆگەتكەن:

ئارزۇيۇم ھۆر ئەركىن يېڭى دۇنيا،
ئارزۇيۇم ھۆر ئەركىن يېڭى جۇڭخۇا.
ئوقۇيمەن شېئىرىمنى ھەر دەم،
غالىبىيەت ئۈچۈن تاشلايمەن قەدەم.

قورقماي ئەسلا چامداپ ئالغا،
بىز ھۇجۇم قىلىلى دۈشمەن سېپىگە.
ئوق ئاتىلى دۈشمەن كۆزىگە،
قوغلايلى بىز ياپوننى جۇڭخۇا سىرتىگە.
قوغلاپ سالايلى يالۇجاڭنىڭ ئۇ چېتىگە....

1942 - يىلى فۇگزۇگتاگنى پۈتكۈزەتتى. ئۇنىڭ
ئورنىغا سۇشاگلىڭ دېگەن ئادەم جۇيجاڭ بولدى.
سۇشاگلىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا 1942 - يىلى كۈز پەسلىدە ئاراتۇرۇككە گو-
مىنداڭ يېتىپ چىقتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىدىن سۇشاگ-
لىڭ يۆتكەلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا سوخەنچىڭ شيەنجاڭ
بولدى، سەدەن مۇئاۋىن شيەنجاڭ بولدى. 1944 - يىلى
3 - ئايلاردائاراتۇرۇكتە گومىنداڭ فىرقە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ
سوخەنچىڭ گومىنداڭ فىرقە بۆلۈمىنىڭ شۇجىسى بولدى.
شيەنجاگلىقنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەپ تۇردى. 1945 - يىلى
سوخەنچىڭ شيەنجاگلىقنى ئۆتمەيدىغان بولدى. داگ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ شۇجەلىقىنىلا قىلىنىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۇرنىغا تەيى چىڭ هاكىم بولدى. 1946 ـ يىلى شىنجاڭدا بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلۇپ «11 بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 3 ناهىيىسىدە دېموكراتىك سايلام تۈزۈمى بويىچە هاكىم سايلاش يولغا قويۇلغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۇيغۇر سايرانى بىلەن نەمەت خەلپەت دېگەن ئىككى نەپەر كىشى كېلىپ هاكىملارنى سايلىتىشقا قاتناشتى. گومىنداڭ هۆكۈمىتى ئاراتۇرۇكنىڭ هاكىم نامزاتلىقىغا ئابدۇللا (ئەسلى خەنزۇ بولۇپ ئۇيغۇردىن ئايال ئېلىپ يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئىدى) نى كۆرسەتتى.

بىرلەشمە هۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن نەمەت خەلپەت بىلەن، ئۇيغۇر سايرانىلار هاكىم نامزاتلىقىغا، سادىر تۆرشانى، جۇيجاڭ نامزاتلىقىغا بەكرى ئۆمەرنى كۆرسەتتى، سايلام جىددىي كەيپىياتتا ئۆتتى، ئابدۇللانى هاكىم سايلاشقا ئاراتۇرۇك خەلقى قوشۇلمىدى. ئابدۇللا شۇنىڭ بىلەن ئاراتۇرۇك خەلقىغە بېسىم قىلماقچى بولۇپ مۇنداق هىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتى: «ئاراتۇرۇك خەلقى مېنى بۇ قېتىم هاكىم سايلىمىسا مەن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ ئەسلىدىكى خەنزۇلىقىمغا يېنىۋالىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇۋاهىت ئاخۇنۇم خەلقلەرگە مۇنداق تەشۋىق قىلدى: «بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا بىر مۇسۇلمان دىنىمىزدىن چىقىپ كەتسە چوڭ گۇناھ هېسابلىنىدۇ، بۇ ئادەمنى ئىسلام دىنىدا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن هاكىم سايلايلى» دېدى، ئابدۇللا شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر هىيلە ئىشلەتتى، ئىبىردىنكىزلىنىڭ توخسۇن ئالغازى دېگەن

كېشىگە بىر ئات تەقدىم قىلىپ «سەن مېنى ھاكىم-
لىققا سايلىتىپ قويساڭ مەن سېنى مۇئاۋىن ھاكىم
قىلىمەن» دېدى. توخسۇن ئالغازىمۇ خەلق ئىچىدە
ئابدۇللانىڭ كەتمىنىنى چاپتى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ
ياردىمى ئاستىدا ئابدۇللا ھاكىم بولدى.

سادىر تۇرشا مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. توخسۇن
ئالغازىمۇ مۇئاۋىن ھاكىم بولدى. بەكرى ئۆمەرساقچى
ئىدارىسىگە جۇيجاڭ بولدى.

سادىر تۇرشا بىلەن بەكرى ئۆمەر «شىنجاڭ خەلق-
چىل ياشلار» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى، بۇ ئا-
دەملەرنى نامزاتلىققا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى
بولغان نەمەت خەلپەت بىلەن، ئۇيغۇر سەپىرانى كۆر-
سەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئاراتۇرۇكتىكى گومىنداڭ
داڭبۇسى گۇمان قىلىپ ئۇلارنى ئاخىرى قولغا ئالدۇ-
رۇۋەتتى. ئابدۇللا بەكمۇ ھىيلىگەر، قان شورىغۇچى، مەك-
كار سودىگەر ئىدى. ئۇ ھاكىم بولغاندىن كېيىن مە-
دەنى - مائارىپنى سۇغا چىلاشتۇردى، شۇ يىللاردا گو-
مىنداڭنىڭ پۇلى پاخاللىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى ئاز
دېگەندەك، ئابدۇللا ئاراتۇرۇكتە ئىشلەۋاتقا ئوقۇتقۇ-
چىلارنىڭ مۇئاشىنى ۋاقتىدا قولىغا بەرمەي، ئۆز ئال-
دىغا شاڭخەيگە ئەۋەتىپ ھەرخىل سودا ئالدۇرۇپ
كېلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارغا بېرەتتى.
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق مۇئاشىغا بىر پارچە ماتا
كەلمەيتتى. مۇشۇ خىل قىيىنچىلىق ئاستىدا ئاراتۇرۇكتە
خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى
قومتۇلغا قايتىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاراتۇرۇك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالتى يۇرتتىكى پەننىي مەكتەپلەر تاقىلىپ قالدى.
بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇللا ھاكىم بولۇپ مەدەنىي-
مائارىپنى يۇرۇشلەشتۈرىمەن دەپ قايتىدىن مەكتەپ-
لەرگە مۇدىر قويدى.

ئاراتۇرۇك مەكتەپكە بەدى جىڭجاڭنى مۇدىر دەپ
ئېلان قىلدى. نېرىسىكىرگە شاكىر خوييەننى مۇدىر قىل-
دى، نومغا ئىمىن سۇۋۇر بوجاڭنى مۇدىر قىلدى. تۇر-
كۈلگە گايىت بوجاڭنى مۇدىر دەپ ئېلان قىلدى.
ئەمما ئوقۇتقۇچىلار يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر
قايسى يۇرتلاردىكى موللاملار مۇئەللىم بولۇپ دىنىي
مەكتەپلەر قايتىدىن ئېچىلدى. ئاراتۇرۇكنىڭ ئەھۋالى
مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكتىن، ئاراتۇرۇك خەلقى ئاب-
دۇللا ئۈستىدىن ۋىلايەتلىك، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرگە
ئەرز سۇندى. ئابدۇللا ئامالسىزلىقتىن ھاكىملىقتىن
ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ھاكىملىقىنى
يۇقىرىدىن ئېلىۋەتتى. 1949-يىلى ئەبەيدۇل ناسىر
ئاراتۇرۇككە ھاكىم قىلىپ بەلگىلەندى، ئۇ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى چۈككىچىندا جىياڭ جېشىنى زوڭتۇڭ سايلىغان
قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئەبەيدۇللانى قومۇلدىكى
يولبارس ئاراتۇرۇككە ھاكىم قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.
يەنە لى شۇشەننى مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى.
ئۇلار ئاراتۇرۇككە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاراتۇرۇك
ئازاد بولۇپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاراتۇرۇككە
ئورۇنلاشتى، ئەبەيدۇللا باشلىق قورچاق ھۆكۈمەت تىنچ-
لىق بىلەن قورال تاپشۇرۇپ ھەقىقەتكە قايتتى.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەبەيدۇللا باشلىق ئەخمەت، لىشۇشەن، مامۇتلار ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، 40 كۈنلۈك مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى ئۆزلىرى مەغلۇپ بولدى. ئەخمەت بىلەن لىشۇشەن، مامۇتلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ بېسىقتۇرۇلدى. ئەبەيدۇللا، يولبارسلار بىرلەشىپ قېچىپ، تەيۋەنگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھازىر تۈركىيىدە بولۇپ، تەيۋەن ھۆكۈمىتىگە خىزمەت قىلىدۇ.

(40 كۈنلۈك ئىسيان مەخسۇس تېمىدا سۆزلىنىدۇ)

# ئاراتۇرۇك خەلقىنىڭ ۋاڭلاردەۋرى، شىڭشىسەي دەۋرى، گومىنداڭ دەۋرلىرىدىكى تارتقان جەبرى - زۇلۇملىرى ۋە نوم زىندانى

## قۇمۇل ۋاڭلىق دەۋرىدىكى دەرت ئەلەملىك كۈنلەر

قۇمۇلنىڭ شامەخسۇت چىڭۋاڭى، بېيجىڭ خان بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان ۋاقىتىدا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئېلىپ بارغان نۇرغۇنلىغان ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ بارغاندىن سىرت 40 هارۋا قۇمۇل قوغۇنى ھەم قوغۇن قېقى، نۇرغۇنلىغان بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئىككى دانە يورغا ئات قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغاندىن كېيىن گۇاڭشۈي خان خۇشال بولۇپ، شامەخسۇتنى شاڭچىڭۋاڭ قىلىپ ئەمىلىنى ئۆستۈرگەن ھەمدە بۇ خىل يارلىق چۈشەرگەن: «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ۋاڭلىققا دارخان①قىلىپ بېرىلدى، پۈتۈن يەر زېمىنلىرى بىر مېتىر قېلىنلىق توپىسى بىلەن ۋاڭلىققا جاساق② قىلىپ بېرىلدى» دېيىلگەن.

---

①دارخان — قۇل.

②جاساق — مۈلكى، مىراس.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاراتۇرۇك خەلقىنىڭ قىلىچە ئەركىنلىكى يوق ئىدى، جەبرى ـ جاپا دەستىدىن تىرىك تۇرۇپلا دوزاقنى كۆرگەن، ئالۋان ـ ياساق دەردىدە خەلق تېنىدە گۆش يوق قۇرۇق قاخشالغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. خەلق ۋاڭلىقنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي خۇدادىن مەدەت تىلەپ، ۋاڭلىقنى قاغىغان ناخشىلارنى توقىغان.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۇلۇم.
يانچۇقۇمدا يوقتۇر پۇلۇم،
پۇل تاپقۇچە قىلدى زۇلۇم.

شامەخسۇت زامانىدا،
ئالۋىنى ئېغىر بولدى.
دۆرە ـ پالاق دەردىدە،
دۆمبىلەر يېغىر بولدى.

خوش قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار،
ئالەمنىڭ شاھى.
دەرگاھىڭغا يەتمەمدىكىن،
بەندىلەر ئاھى.

ئېزىلگەن خەلق يۇقىرىقىدەك ناخشا ـ قوشاقلارنى ئېيتىپ ئىچىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى بوشاتقاندەك

قىلىشىمۇ ۋاگىلىقىنىڭ زۇلۇمى يەنىلا خەلقىنىڭ يەلكىسىنى تاغدەك بېسىپ تۇراتتى. ۋاڭ - غوجىلا خەلقنى تېخىمۇ ئېغىر ئوقىبەتلەرگە سالاتتى، ئۇلار دائىم: «ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەيدۇ، قۇل سەمرىسە خوجىسىغا يانىدۇ، بۇ قۇللارنىڭ پاتىڭىدىن بېسىپ تۇرۇپ بىر نېنىنى ئىككى قىلدۇرماسلىق كېرەك» دەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق زالىملىقلىرى ئاستىدا خەلق نامراتلىشىپ جان باقالماس ھالغا چۈشۈپ قالغان.

## قۇمۇل ۋاگىلىقىنىڭ دېھقانچىلىق جەھەتتىكى زۇلۇملىرى

قۇمۇل ۋاگىلىقىنىڭ يېرى ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتىنىڭ ھەممىسىدە بار ئىدى. تۇپرىقى مۇنبەت، سۇلۇق يەرلەرنىڭ تولىسى ۋاگىلىق ئىلكىدە بولۇپ، جەمئىي 3000 مودىن ئاشاتتى.

بۇ يەرلەرنى قۇمۇل 12 تاغ ئادەملىرى تېرىپ - تىكىپ ساڭغا كىرگۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى قۇمۇلغا توشۇپ بېرىشمۇ خەلقلەرنىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ ھەقتە خەلقنىڭ مۇنداق بىر كۇپلېت قوشىقى بار:

يەنە قۇمۇل يولىدا،
ھارۋىلىرى تېقىر - تېقىر.
ياغاچ ھارۋىنى بىز تارتىپ،
دۈمبىلەر بولدى يېغىر.

ۋاگىلىقىنىڭ ئالۋان - ياسىقىدىن تاشقىرى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالۋان - ياسىقى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى.

مىراپ، دورغا، دېھقان بېگى، چارۋا بېگى، سۇ بېگى دېگەنلەرنىڭ ھەربىرى قان شورىغۇچى يالماۋۇزلاردىن ئىدى. بۇلارغا يىللىقچىلاردىن ئىشلىگەندىن تاشقىرى پۈتۈن يۇرت خەلقى تېرىش - يىغىش پەسلىدە ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇرلىناتتى. يىل بويى دېھقانلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. يەرلىرىنى سۇغىرىشقا سۇنى ھەم بەرمەيتتى. ئەمەلدار بايلارنىڭ يەرلىرى سۇنىڭ بېشىدا ئىدى. شۇڭا خەلق ئىچىدە بۇ خىل تەمسىل-قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن:

«ئاتاڭ مىراپ بولغۇچە، يېرىڭ باشتا بولسۇن».

مىراپلار مىنەر تايغا،
سۇنى ئاققۇزار بايغا؛
كەمبەغەللەر سۇ دېسە،
بېشىنى تىقار لايغا.

قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ دېھقانچىلىقى ئاساسلىق نوم دېگەن يۇرتتا ئىدى. نوم ئاراتۈرۈككە قاراشلىق بىر چېكرا يېزا بولۇپ، شىمالىدا تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى جايلاشقان، ئۇ يەردە قىشلىقى سوغۇق قاتتىق بولىدۇ. يازلىقى بولسا بەك ئىسسىق بولىدۇ. شۇڭا نومغا بارغان قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ بەگ - سىپاھلىرى نومنى كەمسىتىپ مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق ئېيتقان:

نوم دېمەڭلەر، نوم دېمەڭلەر،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قاڭغىرو① تىكەن،
جوگانلىرى قالماق ئىكەن.

نوم خەلقى بۇ خىل ھاقارەتلىك قوشاققا جاۋابەن مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاقنى ئېيتقان:

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، توراقنىڭ سانى يوق.
ھوگا② ئىسسىق جارى قاتتىق،
خەلقىنىڭ ئىمكانى يوق.

نوم دېگەن قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ گۇناھكار دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى پالايدىغان تۇرمە ئورنى ئىدى. نومدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋاڭلىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ نومغا پالىنىپ چىققانكىشىلەر. شۇڭا خەلق ئىچىدە بۇنداق قوشاق ئېيتىلىدۇ:

ھاراق دېگەن ئاچچىق نېمە،
شىڭ ـ شىڭ قايىنايدۇ.
چىڭگا خوجام كېيىپ① قالسا،
نومغا پالايدۇ.

① قاڭغىرو — بىر خىل ئۇسۇملۇك.
② ھوگا — ھاۋا.
③ كېيىپ — ئاچچىق كېلىپ قېلىش، خاپا بولۇش.

نومغا پالىنىپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۆمۈر بويى شۇ جايدا تۇرۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز يۇرتى، ئەل ئاغىنا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېغىنىدۇ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىنى سېغىنىدۇ. ئامال قانچە؟ ۋاڭلىق ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا بارغۇزمايدۇ. بۇنىڭغا نارازى بولغان بىچارە پالانغان دېھقانلار بۇ خىل قوشاقلارنى توقىغان:

دېسەڭلەر دەڭلار مېنى،
ئېيتساڭلا ئېيتىڭلار مېنى.
ھارام گۆشۇم بولسا ھالال،
توراپ - كېسىپ يەڭلار مېنى.

چېچەمنى ئۇزۇن دەيدۇ،
ئۇچىدا پۆپىگى بار.
بىز ئۆچەمىزنى ئالارمىز،
قورسىقىمىزنىڭ كۆپىگى بار.

## نوم ۋە زىندان

يۇقىرىدا نوم ۋاڭلىقنىڭ تۈرمىسى ئىدى دېگەنىدۇق، نومدا ۋاڭلىق تەرەپتىن كولانغان (قېزىلغان) ئىككى ئورۇندا زىندان بار ئىدى. بۇ زىندانغا سېلىنغان ئادەملەردىن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى:

1909 — 1910 - يىللىرى، شامەخسوت ۋاڭ ئىككى ئادەمنى نومغا پالاپ زىندانغا سېلىپ جازالاشنى بۇيرۇپتۇ. شۇ يىللاردا نومنىڭ دورغىسى باقىنىياز ئىدى. باقىنىياز دورغا بەكمۇ زالىم ئىدى. پالىنىپ چىققان ئۈككى ئادەمدىن بىرىنىڭ ئىسمى ھاجى دۆڭگۆلۆك ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى تۆت پارچە ئەمەت دېگەن كىشىلەر ئىدى. تۆت پارچە ئەمەتنى نومغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن پۇتىغا كۆندە سېلىپ، ياقۇپ مەزىن دېگەن كىشىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىگە سولاپ قويۇپ كېچىلىرى ساقلىغان، كۆندۈزلىرى پۇتىدىكى ئېغىر كۆندىسى بىلەن ئەمگەككە سالغان. بۇ ئادەم ئېغىر كۆندىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئەمگەك قىلغاچقا ئاخىرى پۇتلىرى جاراھەت بولۇپ كەتكەن.

ھاجى دۆڭگۆلۆك دېگەن ئادەم نومغا يېتىپ چىقىشى بىلەنلا نومنىڭ كارساڭ چوققا دېگەن قەبرىگاھلىقتا بىر يەر ئاستى زىندانغا سېلىنىدى، بۇ زىندانىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10 غۇلاچ كېلەتتى. زىندان ئىچىدە ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك قېلىنلىقتا سۇ بار ئىدى، زىندانغا قارىغۇچى بۇ ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك تامىقى ئۈچۈن بىر نان بىلەن بىر كوزا سۇلا بېرەتتى. ئۇ زىندان ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ ئىچىدىيالىمىغانلىقتىن خەلقلەرگە قۇتقۇزۇۋېلىش ھەققىدە نالە-زارە قىلىدۇ. نومدىكى يوقسۇل دېھقانلار مەلۇم بىر ھېيت كۈنى پىشۇرۇلغان كالا قوۋۇرغىسىنى گۆشى بىلەن زىندان ئىچىگە سېلىپ بېرىدۇ. ھاجى دۆڭگۆلۆك گۆش-

نى يەۋىلىپ، قوۋۇرغىنىڭ ئۇستىخىنىنى بىلەن زىندانىنىڭ تېمىدىن بىر تۆشۈك ئېچىش ئۈچۈن قېزىشقا كىرىشىدۇ. شۇ قازغىنىچە ئۈچ يىل بولغان ۋاقىتتا زىندانىنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا چىقىدىغان بىر تۆشۈك ئېچىپ زىنداندىن چىقىدۇ. بۇ ئادەم زىنداندىن چىقىپ كېيىن قومۇلغا قاچماقچى بولۇپ، نومىنىڭ قالماق بولاق دېگەن مەھەللىسىگە بېرىپ، كېچىسى ھاجى دورغا دېگەن كىشىنىڭ بىر دانە يورغا ئېتىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئاتنىڭ ئىگەر جابدۇقى بولمىغاچقا، بىر دانە قورۇق ئىگەر تېپىۋالىدۇ-دە، مەسچىت ئىچىگە كىرىپ موللامىلارنىڭ سەللىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئاتقا نوختا، يۈگەن، ئىگەرگە ئۈلاڭ-چىۋىلاڭ قىلىپ ياسايدۇ، يەنە مەسچىتنىڭ بىر پارچە كىگىزىنى ئېلىپ چىقىپ ئىگەرگە توقۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتقا مىنىپ قاچىدۇ. ئەتىسى باقىنىياز دورغا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىككى ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ.

بۇ ئىككى ئادەم ھاجى دۆڭگۈلۈك ماڭغان ئىزنى قوغلاپ يۈرۈپ بارىكۆلنىڭ قارىغول دېگەن يېرىگە بېرىپ ھاجى دۆڭگۈلۈك ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، قايتۇرۇپ نومغا ئېلىپ كېلىپ يەنە زىندانغا سېلىپ تاشلايدۇ. 1912-يىلى تۆمۈر خەلپە قومۇل ۋاڭغا قارشى ئىنقىلاب قوزغايدۇ، تۆمۈر خەلپە ئۆز كۈچىنى زورايتىش ئۈچۈن نومغا كېلىپ ھاجى دۆڭگۈلۈك بىلەن تۆت پارچە ئەمەتنى ۋە باشقا گۇناھ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كارلارنى ئازاد قىلىدۇ. تۆت پارچە ئەمەت بىلەن ھاجى دۆڭگۆلۈك تۆمۈر خەلپىگە ئەگىشىپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ تايانچى كۈچلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. تۆمۈر خەلپە ياڭزېڭشىڭ-نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ئۆرۈمچىگە چىقىپ تىداردىن بولغاندىن كېيىن، تۆت پارچە ئەمەت مەك-تۇللاغا ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالىدۇ.

ھاجى دۆڭگۆلۈك دېگەن ئادەم قۇمۇلدا ئۆز ئۆ-يىدە قالغان ئىدى. تۆمۈر خەلپىنى ياڭزېڭشىڭ ئۆل-تۈرگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىقى ھاجى دۆڭگۆلۈك-نى تۇتۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. 1927 - يىللىرى ئىساق بەگ، يىدايى بەگ دېگەن ئىككى ياشنى نومغا پالاپ زىندانغا سېلىشقا يارلىق چۈشۈرگەنىدى.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى پۇلدار ئادەم-لەردىن بولغىنى ئۈچۈن، نومدىكى دورغا، مۆتۈسۈپ ( مۇپتى ) لەرگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئەۋەتىپ بەرگەنلىكتىن، پارا ئالغان دورغىلار بۇ ئىككىسىنى زىندانغا سالمىدىلا ئەمەس، ئۆز ئۆيلىرىدە كۈيئو-غۇلىدەك ئەتىۋارلاپ تۇرغۇزۇپ جازا مۇددىتى توشقان-دىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن « پۇلى بارنىڭ كېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ كېپى توڭ» بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسلام دولاڭ دېگەن بىر ئادەمنى نومغا پالاپ چىقارغان، ناسىر مۆتۈسۈپ يىللىق چىكەر قىلىپ ئىشلەتكەن. بىر كۈنى ئوتۇن ئېلىپ كەلگىچە بىر كالىنىڭ ساغرىسىنى ئوتۇن غاجاپ قان چىقىرىپ قويغانىنى ناسىر مۆتۈسۈپ

كۆرۈپ قېلىپ، ئىسلام دۆلىتىنى چاقىرتىپ، سەن قەستەنگە كالىمىنىڭ ساغرىسىنى غاجاتقىنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ جازاڭ بۇ، دەپ ئۇن پالاق ئۇرغان. بۇ ئادەم ئاراتۇرۇك دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدىلا زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئۆمىدىن كېتىپ قالغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مەرىيەمخان ئىسىملىك بىر ئايال كىشىنى ئۆمىنىڭ قىرساي دېگەن يېرىدىكى زىندانغا سېلىپ تاشلاپ، خەۋەر ئالمىغانلىقتىن بۇ ئايال زىندان ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان. مەرىيەمخانىنىڭ يولدىشى ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كەتكەن ئايالىنىڭ جەسىتىنى ۋە يۈزىنى يىغا ـ زارە ئىچىدە كۆرگەن. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن خەلق بۇ خىل ناخشا ـ قوشاقلارنى توقۇغان:

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرۈستان.
ئېرەنلىكچە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن مەرىيەمخان.

مەرىيەمخاننى ئەپ چىقتى،
ئەملىك تۈگمگە ئارتىپ،
دىدارىنى كۆرۈپ ئالاي،
ئالتۇن بويىدىن تارتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ چارۋىچىلىق جەھەتتە خەلققە سالغان جەبرى - زۇلۇملىرى ھەققىدە

شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ ئاراتۇرۇكتىلا 20 قورا قويى (1.5 تۈمەن ئەتراپىدا)، 600 تۇياق يىلقىسى، 2000 باش كالىسى، 600 تۆگىسى قاتارلىق چارۋىلىرى بېقىلاتتى. بۇ چارۋىلارنى تۆمۈر چارۋا دەپ ئاتايتتى. (ئۆلمەيدۇ، يىتمەيدۇ ھەم يىرتقۇچ يېمەيدۇ) چۈنكى بىردىمۇ كېمەيمىگەندىن سىرت ئانا چارۋىلىرىغا بىردىن تۆل قوشۇلۇپ ھېسابقا ئېلىناتتى.

ۋاڭلىقتىن ھەر يىلى ساناققا 40 نەپەر ئادەمگە باشلىق قىلىپ يۇسۇپ تەيجىنى چىقىراتتى. ئۇ بەكمۇ پىخسىق (بېخىل) ئادەم ئىدى. ۋاڭلىق «بۆك ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان» ئادەم ئىدى. يۇسۇپ تەيجى مال ساناش ئۈچۈن شوپۇل تەرەپ بىلەن ئاراتۇرۇككە چىقسا ئالدىدىن دەركۈندى (يەر ئىسمى) دېگەن يەردە چازەن قۇرۇپ ئالاھىدە قارشى ئېلىناتتى. ئەگەر نېرىنكىر تەرەپ بىلەن ساناققا چىقسا «قارا سىڭىر» دېگەن يەردە چازان قۇرۇپ قارشى ئېلىناتتى.

ئۇلارنىڭ بىر كېچىلىك قونالغۇسى ئۈچۈن ئون دانە پاخلان سويىلاتتى. 300 دىن 400 گىچە قاتۇرۇلغان قايماق ۋە كۆپلىگەن تۇزسۇقلاردا سارىماي، سۈت - قېتىق، قېمىز تەييارلىناتتى. بۇلارنى ياخشى ئىززەتلىمىسە ساناقتا ئادىل ئىش بېجىرمەي خەلق-

لەرنى كانايكون ① قوي تۆلىگە قوياتتى. ساناق باشلانسا ساناقچى تەيجى بېگىمنىڭ ھەققى دەپ ھەر بىر قورادىن 4 ـ 5 كېچە يارامىلىق قوينى ئايرىپ تۇتىۋالاتتى.

بۇ قويلار كېمىغان سان دەپ قويچىدىن تولۇقلاپ ئېلىناتتى. بىر كۈندە ساناقچى بەگلەر بەش قورا قوينى ساناپ چىقىپ ھاردۇق ئالاتتى. ساناق ئاخىرلاشقاندا ئومۇمىي ئايرىۋېلىنغان قويلارنى ساناقچى بېگىملەر ھەنسەپ دەرىجىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىشىۋالاتتى.

مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يىغىۋالغان قويلار ھەربىر بەگلەرنىڭ بىر قورا مېلى بار بولۇپ قالاتتى. ساناقچى بەگلەر بىر جاينىڭ سانىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەلگەندە، يۇسۇپ تەيجى مۇنداق بۇيرۇق قىلاتتى: «ھەر بىر قويچى 40 پارچە قايماق، 20 پارچە پىشلاق، بەش جىڭ مۆچۈلۈ (ئېرىمچىك) بېرىدۇ.» ھەربىر يىلقىچى 10 تورسۇق قېمىز بېرىدۇ، ھەربىر كالا باقۇچىلار 10 جىڭدىن سېرىق ماي، ئىككى تالدىن تاسما ئارغامچا بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەر ۋاڭ خوجامغا تارتۇق قىلىنىدۇ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن سىرت ساناقچىلارنىڭ خورجۇن قاچىلىرىغا يۇقىرىقىدەك نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇلمىغىچە قايتمايتتى، بۇ خىل زۇلۇم ئاز دېگەندەك ھەر يىلى ھەرقايسى يۇرتلارغا 50 جۈپ بوغا مۈڭ-

① كانايكون — بانا - سەۋەبسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گۇزى، 25 پارچە تۈلكە تېرىسى، 15 پارچە بۆرە تې-
رىسى، 15 پارچە سۆلۈسۈن تېرىسى، 15 پارچە يىلپىز
تېرىسى، 15 پارچە مولۇك (مۈشۈكنىڭ ياۋىسى) تې-
رىسى، بىر دانە ئېيىق تېرىسى، 200 جىڭ موگو، بەش
جىڭ مۇمىيا (تاش يېغى) بەش جىڭ تىكە پوقى①
قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلىتىپ ئېلىپ كېتەتتى.
ئاراتۇرۇكتە ۋاڭلىقنىڭ قويچىسى بولغان ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى دېگىدەك تۆلەڭگە قىلىپ، تۆلەڭ ئۈچۈن
مال - مۈلۈك، يەر - زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ، جان با-
قالماس ھالغا چۈشۈپ قېلىپ يۇرتىنى تاشلاپ كېتىپ
قالغان ئادەملەر ئاز ئەمەس.

بۇنىڭغا ئەمەلىي مىساللاردىن بىر نەچچىنى كۆرسى-
تىپ ئۆتەيلى: ئاراتۇرۇك بەلچىردىكى روزاك بو-
ۋايلار بەش ئوغۇل بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ 500 دانە قويىنى
15 يىل باققان. ئەمما ھەق بەرمىگەنىڭ ئۈستىگە 320
قوي تۆلەڭگە قالغان، بۇ بىچارىلەر ئۆزىنىڭ ئۈچ ئات
ئىككى باش كالا، بىر كۆتەك ھارۋا، ئىككى دانە
قازان، ئىككى دانە چاي چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلىرىنى
55 دانە قوي ھېساب قىلىپ بەرگەنىڭ سىرتىدا تۆت
ئوغۇل باشقا جايلارغا يىللىقچى بولۇپ، ئىش ھەققى
ئۈچۈن ھەربىرى بىر يىللىقى ئۈچۈن 20 پاخلانغا ئىش-
لەيدۇ، تۆت ئوغۇل تۆت يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ ۋاڭغا
320 پاخلاننى تۆلەپ قايتۇرغان، بۇنىڭدىن باشقا بۇ-
لارغا نۇرغۇن يۈك تۆلەك قويغان، بۇنى تۈگىتىش
ئۈچۈن چوڭ ئوغۇل روزاك بوۋا ئېگىز - چىڭگىز
(چىگىرادىكى تاغ ئىسمى) تاغلىرىغا بېرىپ قاپقان

① تىكە پوقى — بىر خىل دورىلىق ھايۋانلىق پوقى.

قويۇپ، تۈلكە، بۆرە تۇتۇپ تېرىسىنى سېتىپ يىلىك تۆلىمىنى تۆگەتكەن.

يەنە بىر مىسال: ئاراتۇرۇك بەلچىردىكى ئەتنىياز بوۋايلار ئۈچ ئوغۇل ۋاڭلىقىنىڭ 400 قويىنى 30 يىل ھەقسىز باققان. ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ۋاڭلىققا 650 قوي تۆلەشكە قالغان. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئۆز قولىدا بار ھايۋانلاردىن 15 ئات، 19 باش كالا، بەش مو سۇلۇق يېرىنى 20 تۇياق قوي ھېسابىغا ۋاڭلىققا بەرگەندىمۇ تۆلەك قەرزى تۆگىمەي يەنە 100 دانە قوي تۆلىگى قالغان. شۇ ۋاقىتتا ئەتنىياز بوۋا ئۆزىنىڭ ئىككى ئوكىسىنى (سالى، شاممەتنى) بىر يىللىقى 10 قويدىن ھېسابلاپ ئابدىنىياز مىراپقا يىللىقچى قىلىپ تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇلار ئابدىنىياز مىراپقا بەش يىل ئىشلەپ ۋاڭلىقىنىڭ 100 قويىنى تۆلەپ بەرگەن.

بۇ ئىككى ئوغۇل ئابدىنىياز مىراپقا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا ئابدىنىيازنىڭ چوڭ ئوغلى بوزەك قىلىپ ئۇردۇۋالغانلىقتىن بۇ ئىككى ئوغۇل ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. شۇ يىللاردا قۇمۇل ۋاڭى شاممەخسۇت ئۈرۈمچىدىكى ياڭجاڭجۇنگە 40 كىشىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەرگەندە ئاكىسى ئەتنىيازنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

ئەتنىياز ئىككى ئوكىسى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي كىچىك ئوكىسى شاممەت ئۈرۈمچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ئەتنىياز ئەسكەرلىكتىن بوشىنىپ ئوكىسى سالىنى قايتۇرۇپ ئاراتۇرۇككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا نامراتلىقتا تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن.

يەنە بىر مىسال: ئاراتۇرۇك تۆپچۆيلەردىكى گالى مولىنىڭ ئاتىسى شاتۆمۈر ھاللىق ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاراتۇرۇككە مىراپ بولغان ئادەم ئىدى. بۇ ئادەمگە شامەخسوت ۋاڭ 200 دانە قېرى ھەم ئورۇق ئاتنى بېقىپ بېرىشكە مەجبۇرى بېرىدۇ. شۇ يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ تاغلاردا ئوت ئۆسمەيدۇ. كېيىنكى يىللاردىمۇ ئوت - چۆپ ياخشى چىقمايدۇ. بۇ ئادەم بۇ ئاتلارنى ئۈچ يىل بېقىش جەريانىدا ئاجىزلىقتىن 80 دانە ئات ئۆلىدۇ. 4 - يىلى ۋاڭلىقنىڭ ساناقچىلىرى چىقىپ، 10 ئات تېرىسىنى مىڭ مۇشەققەتتە دېرەك ھېساب قىلىپ ئالىدۇ. قالغان 70 ئاتنى تۆلەڭ ھېسابلاپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاتۆمۈر ئۆمۈر بويى يىققان 700 تۇياق قويىنى، يەتتە دانە يامبۇسىنى تۆلەڭگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر كەمبەغەل نامرات دېھقانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

زالىم يۈسۈپ تەيجى خەلقنىڭ قان تەرىنى شورايدىغان قۇيرۇقى يوق بۆرە ئىدى. ئۇ ۋاڭلىقنىڭ دۇمبىقىنى چېلىپ، خەلقنى ھاقارەتلەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بىر يىلى ساناققا چىققاندا چارۋىچىلار ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلگەن ماللارنىڭ تېرىسىنى دېرەك ئورنىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سۇلايمان پەيغەمبەر دۇنيادىكى 18 مىڭ ئالەمنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ مال چارۋىلىرىنى يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ، پەي-

غەمبەر ئەۋلادىنىڭ مىلىنى يېيىش بىز ئۈچۈن ھارام
(راۋا ئەمەس) دەپ يېمىگەن. سۇلايمان پەيغەمبەرمۇ
تەۋرات دىنىغا ئىشىنەتتى. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇ-
ھەممەت ئەلەيسسالام ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ. ئىسلام
دىنى ھەممە دىنلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر. بىزنىڭ شامەخسوت
چىڭ ۋاڭىمىز مۇھەممەت ئەلەيسسالامنىڭ ئەۋلادى بول-
غىنى ئۈچۈن، ئۇ سۇلايمان پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ زات
بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماللىرىنى يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ
يېمەيدۇ. تاغدىن يىقىلمايدۇ، مۇزلاپ ئۆلمەيدۇ،
پۈتۈن تاغ - دالادىكى، دەل - دەرەخ، ئوت -
چۆپلەرمۇ چىڭ ۋاڭ غوجامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ياخشى ئۆ-
سىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۆلتۈرۈپ يەۋالغان. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن بىرسىنىمۇ كەم قىلماي تۆلەيسىلەر.» دەپ تۆ-
لەتكەن. تۆلەپ بېرەلمىگەن كىشىلەرنى ئۇرۇپ جازال-
غان. ئۇلارنىڭ جازا قوراللىرى كۆپ ئىدى. جازالان-
غۇچىلارنى ياغاچ پالاق بىلەن 20 پالاق ئۇراتتى. دۆ-
رە بولغىنىدا 20 دۆرە ئۇرۇپ جازالايتتى. بەزى گۇ-
ناھكارلارنى قولىغا كىشاك ①، پۇتىغا گۈندە ② سې-
لىپ جازالايتتى. ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى 40 پالاق،
80 دۆرە ئۇرۇپ جازالايتتى.

شامەخسوتنىڭ دەۋرىدە ھەقىقەت، ئادالەت دې-
گەننىڭ قىلچە ئەسىرى يوق، ئۇلار قارا سىياسەت

---

① كىشاك — بويىنى بىلەن قولىغا بىرلەشتۈرۈپ سېلىنىدىغان ياغاچ تاختا بولۇپ 40 جىڭ ئېغىرلىقتا.

② گۈندە — پۇتىغا سېلىپ قويىدىغان ياغاچ دۆڭگە 40 جىڭ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇرگۈزۈپ خەلقنى قامىدى، زىندانغا سالدى، سۈرگۈن قىلدى. مال - مۈلكى، يەر - زېمىنلىرىنى ئېلىۋالدى. خەلقنى ئاخىرى ئۆمۈر بويى قۇلغا ئايلىنىپ كېتىش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

1928 - يىلى شامەخسۇت ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن شامەخسۇت دەۋرى ئاخىرلاشتى. بىراق بىر زالىم پادىشاھ ئۆلگەن بىلەن ئەكسىيەتچى تۈزۈم ئۆزگەرمىدى، شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋېلىپ خەلقنى ئەزدى.

## جىن شۇرېننىڭ خەلققە سالغان جەبىرى-زۇلۇملىرى

1928 - يىلى جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا جايلارغا جىسا - لوزۇڭ دېگەن بىر نېمىلەرنى چىقىرىپ دېھقانلار تارىختىن بۇيان تېرىپ كېلىۋاتقان يەرلىرىنى خوغا ئالدۇرۇشقا قىستىدى. (بىر خو يەر 100 مو ھېسابلىناتتى) بىر خو يەرنىڭ خوغا ئالدۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 30 سەر كۈمۈش تاپشۇرۇشقا زورلىدى. نامرات دېھقانلار 30 سەر كۈمۈشنى نەدىن تاپالىسۇن؟ خو ھەققىنى تۆلىيەلمىگەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ گەنسۇدىن چىققان خۇرجالارغا ئېلىپ بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتتى. ئەسكەرلىككە بېرىشقا ئۇنىمىغان كىشىلەرنى ئۇرۇپ قورقىتىپ، مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىپ كەتتى. بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى ئەسكەرلىككە

تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھوسۇل ئالالماي تۇرمۇشتا نامراتلىشىپ كەتتى. خەلقىنىڭ بېشىغا ئاراتۇرۇكتىكى ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش سېلىقىنى سالدى. ئەسكەرلەرنىڭ يېمەك، ئات ئۇلاغلارنىڭ ئوت - سامان، بوغۇزلىرىنى ئالتە يۇرت خەلقى تەمىنلەشكە مەجبۇر ئىدى. جىن شۇرېن ئەزگۈچى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا مىلىتارىست ئىدى.

جىن شۇرېن جايلارغا ئەۋەتكەن جىسا - لوزۇڭ دېگەن بىر نېمىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى. يۇرت كاتتىلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى.

1931 - يىلى ئاراتۇرۇك دېھقانلىرى قوزغىلىپ جىن شۇرېنغا قارشى ئىنقىلاب قىلدى. (بۇنى دېھقانلار ئاپرېل ئىنقىلابى دەپ ئاتايدۇ) بۇ ئىنقىلابنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ئايرىم تېمىدا سۆزلىنىدۇ.

شىڭ شىسەي — 1933 - يىلى 4 - ئايدا «ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاپ چىقىپ جىن شۇرېننى قوغلىۋېتىپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى.

شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىلىدىكى ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىڭشىسەي دەۋرىدە ئالدى بىلەن ئاراتۇرۇ-
شەجەجۈي قۇردى، بۇنىڭ ئاستىدا يېزىلاردا پەيچۇسو-
لارنى قۇردى.

بۇ پەيچۇسولاردا بىردىن سوجاڭ، بىردىن شۇڭ-
گۇەنلەرنى باشلىق قىلىپ بىر پەيجاڭلىقتىن ئەسكەر
تۇرغۇزدى.

پەيچۇسولارنىڭ ئىچىدە سولاقخانىلارنى قۇردى.
بۇ سولاقخانىلار قاراڭغۇ زىندان ئىدى. بۇ سولاقخانى-
غا كىرگەن گۇناھكارلارنى خىلمۇ خىل جازالاش قو-
راللىرى بىلەن جازالىتاتتى.

مەسىلەن: قىش كۈنلىرى سولاقخانىنىڭ ئىچىگە
سۇ سېپىپ مۇز توڭدۇرۇپ، شۇ كۆك مۇزنىڭ ئىچىگە
گۇناھكارلارنى سولاپ، يالاڭ ئاياغ مۇزنى دەسسىتىپ
جازالايتتى. ياز كۈنلىرى قاماقخانا ئىچىدىلا چوڭ-
كىچىك تەرەت قىلدۇرۇپ شۇ سېسىقچىلىق ئىچىدە
گۇناھكارلارنى ياتقۇزۇپ ئازابلايتتى.

شىڭشىسەي ئۈرۈمچىدە خوجىنىياز ھاجىنى قولغا
ئالغاندىن كېيىن، ئاراتۈرۈكتىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى-
نىڭ يولباشچىلىرىدىن جەمئىي 18 نەپەر ئادەمنى قولغا
ئالدى. ئۇلاردىن بىر قىسمىنى مۇددەتسىز قامىدى، بىر
قىسمىنى قىيناپ تۇرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## بۇ ئادەملەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى

| ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈل- گەنلەر | قاماقتا ئۆلۈپ جازالانغانلار | مۇددەتسىز قاماقتا ئالغانلار |
| --- | --- | --- |
| 1. ئابدىنىياز مىراپ | 1. سادىق قورمال | 1. قەلەمتوخسۇن |
| 2. باقىنىياز دورغا | 2. قۇغوجامىنىياز | 2. سىلىمساق غو- جىنىياز |
| 3. ئىمىن قورمال | 3. خوسوپى | |
| 4. تۆلەڭباي | 4. يالاڭ ئېلى | |
| 5. سوپا سۇڭجاڭ | 5. سەمەت توخسۇن | |
| 6. يوغانباش توخ- نىياز | 6. ھەزەڭ توغاش | |
| | 7. ئالما ئېلىنىياز | |
| 7. كۆككۆي ئابدى | 8. سايىم بوۋا | |
| 8. شائىر بوۋا | | |

يوقىرىقى ئادەملەر ئۈرۈمچى، قەشقەردىكى تۈر- مىلەردە قامالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئاراتۇرۇك تۈرمە- سىدە سولاقتا ئېلىنىپ ئازابلانغان ئادەملەرنىڭ سانى كۆپ ئىدى، ئىسمىنى يازمىدۇق. شىڭشىسەي دۇبەن

بولۇپلا خەلقنىڭ قولىدىكى قوراللارنى يېڭىۋالدى. راتۇرۇك ئالتە يۇرتنىڭ ھەممىسىدە بىر يىگىدىن ئەس-كەر تۇرغۇزدى. بۇ ئاتلىق قوشۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ يەيدىغان ئۇن، گۆش، سەي قاتارلىق نەرسىلىرىنى تو-شۇشقا خەلققە ئالۋاڭ سالاتتى.

مىنگەن ئاتلىرىنىڭ ئوت - سامىنىنى، قالايىدى-غان ئوتۇنىنىمۇ خەلققە ئەكەلدۈرەتتى. بۇنىڭدىن باش-قا ئاراتۇرۇك ناھىيە ئورنىدىكى مەمۇرىي ئىدارىلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنىڭ، ئۇن، گۆش، ئوتۇن، ئوت - سامان قاتارلىق نەرسىلىرىنىمۇ ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرت خەلقى ھەقسىز توشۇپ بېرەتتى. بۇ خىل ئالۋاڭ خەلققە بەك ئېغىر چۈشتى.

ھەلۇم بىر قېتىم ئوتۇن ئېلىپ چىققانىدا نۇرۇل ئۇستا دېگەن كىشى ئوتۇننى ئازراق بېسىپ قويغانى-كەن، ۋاڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ كوجاڭ نۇرۇل ئۇس-تىنى يەرگە ياتقۇزۇپ پالاق بىلەن ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن. بۇ ئادەم شۇ تاياقنىڭ زەربىسىدە كېسەلمەن بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

شىڭشىسەينىڭ شوئارى ئۇلۇغ ئىدى. ئۇنىڭ ئا-تىۋالغىنى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئىدى. ئالتە بۈر-جەكلىك شوئارنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىگە بىر شوئار (سىياسەت) يېزىلغانىدى.

① جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ② سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، ③ مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ④ تىنچلىقنى ساقلاش، ⑤ دىيانەتلىك بولۇش، ⑥ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يالغان ئىتتىپاق تۈزدى. ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپت - بەشىرىسىنى نىقاپلاش ئۈچۈن ماتارىپ ئىشلىرىنىمۇ ئاز - تولا تۈزتتى.

كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ جاي- لاردىكى ئىلغار زاتلار، زىيالىيلارنى قىرغىن قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلقنى جان باقالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

شىڭشىسەي قازاق مىللىتىنى خانىۋەيران قىلى- ۋەتتى. بارىكۆل، ئاراتۈرۈكتىكى قازاقلارنى قورال تاپ- شۇرۇشقا قىستىدى. ئاۋۋال باشلىقلىرىنى تۇتقۇن قىلدى.

1938 - يىلى 11 - ئايلاردا ئېلىسقان، ئايامبەت شائىيۇلارنىڭ باشچىلىقىدا مىڭ ئۆيلۈكتەك قازاق گەن- سۇ ئۆلكىسىگە قاراپ قاچقاندا ئاراتۈرۈكنىڭ نوم دې- گەن يېزىسى بىلەن ئۆتتى.

شىڭشىسەي يەردە نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، ئاسماندا ئايروپىلان بىلەن قوغلاپ نومغا بېرىپ نوم- دا ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇشتى.

ئاسماندىن ئايروپىلان بومبا تاشلىسا، يەردە قو- راللىق ئەسكەر ئۇرۇش قىلىپ، قازاق خەلقىنىڭ قىزىل قېنى بىلەن نومنىڭ جائگاللىرىنى بويىۋەتتى. ئامال- نىڭ يوقلۇقىدىن قازاق خەلقى پۈتۈن مال - مۈلكىنى تاشلاپ گەنسۇغا قاراپ قاچتى.

شىڭشىسەي ئەسكەرلىرى شۇ ۋاقىتتا قازاق خەل- قىنىڭ نەچچە تۈمەن تۈياق چارۋىسىنى بۇلاپ كەتتى. شىڭشىسەي شىنجاڭ خەلقىدىن سەككىز تۈمەندەك ئا-

دەمنى تۇرمىلەردە تاغارغا سولاپ ئۆلتۈرگەن مە-
بارىستتۇر.

بۇ زالىم 1944 - يىلى شىنجاڭدىن كەتتى - دە جياڭجيېشىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ يېزا ئىگىلىك مە-نىستىرى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىن تەيۋەنگە كەتتى.

1942 - يىلى كۈز پەسلىدىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا چىقىۋالغانىدى. گومىنداڭنىڭ سېرىق ئاياغ دەپ ئاتالغان ئەسكەرلىرى ئاراتۇرۇك ئالتە يۈرتنى قارا قاغىدەك بېسىپلا قالدى. ئۇلار خۇددى يەر يۈزىدىكى چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ يۈرۈپ، دەرەخ - دېخىللارنى كېسىپ ئوتۇن قىلىپ قويىدى. يەردە ئۆ-سۈۋاتقان بىر قىسىم ئوت - چۆپلەرنىمۇ يەپ تۈگەت-تى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ھەر خىل سېلىق ئالدى. مە-سىلەن: خولەڭ، جەلەڭ، سەيمەيلەڭ، دىخۇاگۇڭلەڭ قا-تارلىق سېلىقنى سېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يېمەكلىكىنى ھەل قىلدى. ئۇلار پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قا-لايدىغان ئوتۇنى بىلەن ئاشلىقىنى خەلق ھەقسىز تو-شۇپ بېرەتتى. ئوت - سامان سېلىقى يوق ئىدى. گومىنداڭ چىقىپلا خەلق ئىچىدە ئىككى خىل كېسەل تارقالدى: بىر خىلى تەپ كېسەل ئىدى. يەنە بىر خىلى قىچىشقاق كېسىلى بولۇپ، مۇشۇ كېسەللەر تۈ-پەيلىدىن خەلقتىن 300 دەك ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. گو-مىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن تەپ كېسەلدە ئۆلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى شۇنچە كۆپ بولغىنى

بىلەن ھېچ بىر ئىشقا يارىماس تىرىك تاپ نەرسىلەر ئىدى.

بۇ ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان يىڭفاڭىنى ① ساقلاپلا ياتاتتى. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدىمايتتى.

ئاراتۈرۈكنىڭ ئېرىنكىر، تۈركۆل، نوم يېزىلىرىدا ئالتايدىكى ئوسمانىنىڭ قۇرچاقلىرى بەش قېتىم كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ناھىيە بويىچە 1000 تۇياق قوي، 2030 ئات، 540 باش كالا، 1060 تۆگە، جەمئىي 4630 باش چارۋىسىنى بۇلاپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يىڭفاڭدىنمۇ چىقمىغان. بەلكى يىڭفاڭنىڭ تام تۈۋىگە كەلگەن كالىلاردىن 40 نەچچە كالىنى ئوغرىلاپ يەپ كەتكەن. گومىنداڭ ئاراتۈرۈكتە چىققاندىن كېيىن خەلققە قالدۇرغىنى توققۇز دانە پوتەي بولدى. ئۇندىن باشقا ھېچ بىر ياخشىلىق ئىشلىرى قالمىدى.

---

① يىڭفاڭ — كازارما

# 1931 - يىللاردىكى ئاراتۈرۈك دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا!

قۇمۇلنىڭ شوپۇل يېزىسىدىكى سالى دورغا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن شوپۇل خەلقىنى تال كۆندۈ دېگەن يەرگە كۆچۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئۈرۈمچىدىكى جىن شۇرېن ئاڭلاپ 1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇمۇلدىكى يەۋۇنجاۋ، ليوشىزېڭلارغا تېلېگرامما ئەۋەتكەن. مەزمۇنى: «شوپۇلدىكى سالى دورغا بۇزۇلۇپ، شوپۇلدىكى خەلقلەرنى تال تېغىغا كۆچۈرۈپتۇ، سىلەر تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ سالى دورغىنى بېسىقتۇرۇڭلار» دېيىلگەن. سالى دورغىمۇ تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ 1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قوزغىلاڭنى پۈتۈن ئاراتۈرۈككە خەۋەر يەتكۈزۈپ قوزغىلىپ چىققان. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر بار.

تارىختا مىڭ ئۈچيۈز ئەللىك بىر بولغاندا،
قىسما - قىسما ئالامەت.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلدۇق،
خۇدا قىلدى سالامەت.

ھىجرىيە 1351 - يىلى، مىلادى 1931 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. دېھقانلار بۇ قوزغىلاڭنى ئاپرېل ئىنقىلابى دەپ ئاتايدۇ.

دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى:

1. جىن شۇرېن دېھقانلارنىڭ يەر سېلىقىنى ئېغىرلاتقان، مەسىلەن، 1930 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى خىرغا ئېلىشنى بۇيرۇق قىلغان. ئاياغتا ئۆزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، خەنزۇ پۇقرالارنىڭ بىر خو (بىر خو يەر 100 مو كېلىدۇ) يېرىنىڭ خوغا ئالدۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 5 ~ 4 سەر كۈمۈش ئالغان. ئۇيغۇر پۇقرالارنىڭ بىر خو يېرىنى خوغا ئالدۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 30 سەردىن كۈمۈش تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. خوغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن 30 سەر كۈمۈشنى تاپشۇرالمىغان دېھقانلارنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىپ خەنزۇ كۆچمەنلەرگە ئېلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن يەرسىز قالغان ئۇيغۇر دېھقانلار، خەنزۇ خوجىلارغا يالىنىپ ئىشلەپ جان باقىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان.

2. شۇ يىللاردا ئاراتۇرۇككە ئىچكىرىدىن بىر تۈركۈم كۆچمەن خەنزۇلارنى يۆتكەپ چىققان. بۇلار جۇڭيۈەنلىك نامرات خەنزۇلاردىن ئىدى. بۇلار ئاراتۇرۇككە ماكانلىشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەرلىك دېھقانلارنى بوزەك قىلغان. مەسىلەن، ئۇلار ئەتىيازلىقى يەرلىك دېھقانلارنىڭ ھايۋان - سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ ھەق بەرمىگەن ھەم ئىش ئاخىر-

لاشقاندىن كېيىن ئەشلەتكەن ھايۋان ـ سايمانلارنى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەرمەي ئېتىزلىقلاردىلا ساپانلارنى سۆرىتىپ قويىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كالىلار ئىسسىق تەرلىگەن پېتى سۇ ئىچىپ كېسەل بولغان ۋە ئۆلگەن. بۇ ئەھۋاللارغا نارازىلىق بىلدۈرگەن دېھقانلارنى ھاقارەتلىگەن ھەم ئۇرغان.

3. تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا ساقلاپ قالغان دېھقانلارنىڭ بىر مو يەرگە بىر دادەندىن خولەڭ ئاشلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. خولەڭ تاپشۇرالمىغانلارنىڭ يەرلىرىنىمۇ تارتىۋالغان.

4 ـ ئاراتۇرۇكتىكى 200 دىن ئارتۇق ئەسكەرنىڭ سېلىقىنى خەلققە سالغان. تۆمۈر خەلپە يېغىلىقىدىن كېيىنلا، جىن شۇرىن ئاراتۇرۇكنى چىڭ، قاتتىق ئىدارە قىلىش پەرمانىنى چىقىرىپ 200 نەپەر ئەسكەرگە جەزاس ئىسىملىك بىر زالىمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ يېتىپ چىقىپلا ئاراتۇرۇكنىڭ چوڭ ئۆيلەر دېگەن يېرىدە بىر يىڭغاڭ (گازارما) سالدۇرغان. بۇنى سېلىشتا خەلققە ئالۋاڭ سېلىش ئارقىلىق پۈتتۈرگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەسكەرلىرى يەيدىغان ئاشلىق، ئاتلىرىنىڭ ئوت ـ سامان بوغۇزلىرىنى ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرت خەلقىگە تۇشۇتۇپ خەلقنىڭ ئاراـ مىنى قويمىغان. يەنە سەيمەي ئاشلىقى تارقىتىپ كۈزلۈكى بىر دادەن ئاشلىق ئۈچۈن ئىككى دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇپ ئالغان. جىن شۇرىن تۈلكىدىنمۇ ھىيلىگەر قاخۋاش بولغاچقا، ئاراتۇرۇك خەلقىنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش ئۈچۈن خەنزۇلارنى ئالماشتۇرۇپ،

قۇمۇلدىن يولبارسنى يەلەجاك، ئابدىنىياز مىراپنى لىيەنجاك قىلىپ، قۇمۇل 12 تاغدىن 200 نەپەر ئەسكەر ئېلىپ ئاراتۇرۇكتە 5 — 6 يىل تۇرغۇزغان. كېيىن يولبارسنىڭ ئەسكىرىنى 40 نەپەرگە قىسقارتىپ، جىن‌شۇردىن يەنە ئالتى شەھەردىن (جەنۇبىي شىنجاڭدىن) 100 نەپەردىن ئارتۇق ئاتلىق مىلىلىي ئەسكەر دەپ ئەكىلىپ ئابلا دارىن دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىپ ئاراتۇرۇك لەيمېڭپەندە تۇرغۇزدى. بۇلارنىڭ خەلققە سالغان سېلىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. مەسىلەن، ھەر يىلى ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئوت ـ سامان، ئوتۇن قاتارلىق سېلىقلارنى خەلقتىن يىغىپ ئارام بەرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گۆشمەي، سەيمەي دېگەن ئىككى خىل سېلىقنى خەلقنىڭ ئائىلە بېشىغا چېچىپ ئۈچ باسقۇچقا بولۇپ تاپشۇرغۇزغان. بۇ ئۈچ باسقۇچ مۇنداق ئاتىلاتتى: باش ئون، ئارا ئون، ئاياغ ئون دەپ ھەر ئون كۈنلىك تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى ئايرىم ئىدى.

سەيمەي بۇغداي ھېسابىدا:

باش ئوندا بەش دادەن، ئارا ئوندا ئۈچ دادەن، ئاياغ ئوندا 1.5 دادەن تاپشۇرىدۇ. گۆشمەي بۇغداي ھېسابىدا:

باش ئوندا 1.5 دادەن، ئارا ئوندا 1 دادەن، ئاياغ ئوندا 0.5 دادەن تاپشۇرىدۇ. بۇ سېلىقنى تۆلەشكە بۇغداي يېتىشتۈرەلمىگەن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ قولىدا بار ئات ـ كالا قاتارلىق ئۇلاغ ـ قارىلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ تاپشۇراتتى. بۇ خىل جازانىخورلۇق دەستىدىن ئاراتۇرۇكتە تۇرغۇن ئادەملەر تامراتلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتتى. بەزى كىشىلەر ئازاپ-ئوقۇبەتنىڭ دەردىدىـ…
كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئېزىز يۇرتىنى تاشلاپ باشقـ…
يۇرتلارغا كېتىپمۇ قالىدى.

5. ئاراتۇرۇككە چىقارغان بىر قىسىم خەنزۇ، خۇيزۇ…
ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى جازانىخور سودىگەرلەرگـ…
ئايلىنىپ كەتتى. مەسىلەن، جاڭدارىن (جاڭجىسا)
لوزۇڭ لىچۇەن، چىشىلار، بارىكۆللۈك يېشىل خىتاي،
تازىش دېگەنلەر (خۇيزۇ) ۋەي يىشاڭ، لىڭۋىي،
گاۋشەنىڭ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى جازانىخور سودى-
گەر ئىدى. ئۇلار بىر پارچە ماتانى 5 كۈرە بۇغ-
داي ياكى بىر ئەركەك قويغا ساتاتتى. (بىر پارچە
ماتا بىر شىم ياكى بىر ئىش كۆڭلەك ئارانلا چىقاتتى).
ئىچىدىغان بىر تاختا چايىنىمۇ بىر قويغا تېگىشەتتى.
بىر جىڭ ھاراقنى بىر كۈرە ئاشلىقتىن بېرىپ ۋاقتىدا
بېرەلمىسە، بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بىر جىڭ
قوشۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن ھاراقنى 12 جىڭ ھېسابلاپ
ئاشلىق ئالىدۇ. ئەتىياز كۆنلىرى سېرىقتال ۋاقتىدا
يېمەك ئاشلىقى يېتىشمىگەن ئائىلىلەرگە (دېھقانلارغا)
بىر كۈرە ياكى بىر دادەن ئاشلىق جەلەپ بەرگەن
بولسا كۈزلىكى بىرگە بىرنى قاتلاپ ئىككى كۈرە،
ياكى ئىككى دادەن ئاشلىق ئالاتتى. بۇنىڭغا بىر
مىسال، ئاراتۇرۇك يېزىسىدىكى رەھىمنىياز مولla دېگەن
كىشى، لىچۇرشى دېگەن سودىگەر خەنزۇدىن بەش
كۈرە بۇغداي ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرالماي ئارىدىن ئالتە
يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. لىچۇرشى ھېسابلاشقاندا سەككىز
دادەن ئاشلىق قايتۇرۇشنى ئېيتىدۇ. يېشىل خىتاي

دىگەندىن بىر دادەن بۇغداي ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرال-
ماي 10 يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ 10 دادەن ھېسابلايدۇ.
رەھىمنياز موللىنىڭ بۇنچىۋىلا ئاشلىقنى قايتۇرۇش
ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. بىز جازانىخورلار موللامنىڭ
ئاراتۇرۇك بويىچە، داگىقىسنى چىقىۋاتقان يورغا ئېتىنى
ئىككى باش ئۆيىنى تارتىۋالغاندىن تاشقىرى ئۆي
ئىچىدىكى يورتقان - كۆرپە، كىگىز ۋە كىيىم - كېچەك-
لىرىنى ئېلىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا رەھىمنياز موللامنىڭ
ئايالى رابىيە قۇشنىچ، بۇ جازانىخورلارغا ھال - ئەھ-
ۋال ئېيتىپ ئۆي ئىچىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى
قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار بۇ ئايالنى
ئۇرۇپ - تېپىپ قورسىقىدىكى بەش ئايلىق بالىسىنى
بويىدىن ئاجرىتىۋەتكەن. يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈپ
ئۆتەيلى، لوزۇكلىچەن بازىكۆلدىن كېلىپ ئاراتۇرۇكتە
سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئاراتۇرۇك يېزىسىدىكى شا-
نىياز بوۋايغا يېقىنلىشىپ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ
بولتۇرىدۇ. دەسلەپتە، شانىياز بوۋايغا خوشنىدارچىلى-
قىم دەپ ئازراق خام دارا، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى
بېرىپ قويىدۇ. بۇ ياشاپ قالغان ئادەم بولغاچقا ئۇ-
زۇنغا بارمايلا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا
لوزۇكلىچەن، شاھنىياز بوۋا ھايات ۋاقتىدا، مەندىن
ئۇرغۇن چاي، دارا، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى
ئېلىپ پۇلىنى بەرمىگەن. شۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلى
ئۈچۈن تۇتىۋالىمەن دەپ شانىياز بوۋاينىڭ تۆت
ئېغىز تام ئۆيىنى، ئىككى ئېغىز ئېغىل سامانلىق،
سەككىز مو سۇلۇق يېرىنى ئېلىۋالغان. بۇنىڭدىن سىرت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوۋاينىڭ ئۆي تۇتار قاپارلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. بۇ لوزۇڭ ئاراتۇرۇككە كېلىپ، 5 — 6 يىل ئىچىدىلا چوڭ بىر باي بولۇپ قالغان. شۇ ۋاقىتتىدا لوزۇڭلىچىنىڭ 200 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، يەتتە ئات، 20 باش كالا، ئالتە تۆگە قاتارلىق مال ۋارانلىرى بولغاندىن تاشقىرى، ئۈچ دانە ئۇن تارتىدىغان موپاكى بار ئىدى. جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ بۇ خىل زۇلۇملىرى دەستىدە خەلق جان باقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

6. جىسا ـ لوزۇڭلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاراتۇرۇك ناھىيە ئورنىدىكى ۋە نوم يېزىسىدىكى يۇرت باشلىقلىرىنى زەھەرلەپ، ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىز، كېلىنلىرىنى ئۆزلىرى خوتۇنلۇققا ئېلىش، مال ـ مۈلكىنى بۆلۈشۋېلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئويۇشتۇردۇ. مەسىلەن، ئاراتۇرۇك خەلقى ئابدىنىياز مىراپقا ئاراتۇرۇكتىكى لوزۇڭ ـ جىسالارنىڭ سودىگەرچىلىكتە جازانىخورلىقى چېكىدىن ئاشقان ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىدۇ. ۋە بىر ئامال قىلىپ خەلقنى سودا بىلەن مۇۋاپىق باھادا تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئابدىنىياز مىراپ يەرلىك خەلقلەرنىڭ بۇ خىل زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالغا ئېچىنىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي 60 تۆگىسى بىلەن ئوغلى غوجامنىياز بەگنى باشلىق قىلىپ ئىچكىرىسىنىڭ باۋتۇ، جۇچۇەن قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ سودا ئەكىلىدۇ. جەمئىي ئۈچ قېتىم چۈشۈپ چاي، تاماكا، ھەر خىل گەزمال رەخت ئېلىپ چىقىپ خەلققە ئۆز باھاسىدا سېتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئاراتۇرۇكتىكى جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ با-
زىرى كاساتلىشىپ قالىدۇ. جاڭجىسا باشلىق لوزۇڭ لى
چيەن، ۋە باشقا سودىگەرلەر ئابدىنىياز مىراپنىڭ
سودا قىلىشىنى توسۇيدۇ. ئابدىنىياز مىراپ بۇنىڭغا
قوشۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەنلا جاڭجىسا ئاراتۇرۇك
ناھىيە ئورنىدىكى يۇرت باشلىقلىرىدىن: ئابدىنىياز
مىراپ، توخسۇن قورمال، توخنىيازمۇتۇسۇپ قاتارلىق
كىشىلەرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى لىكۇي بىلەن
گاۋشەنسىڭغا تاپشۇرىدۇ. بۇلار كېيىنكىلىرى يۇقىرىقى
كىشىلەرنىڭ ئوگىزلىرىگە چىقىپ ماراپ ئۆلتۈرۈشنىڭ
ئىلاجىسىنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇسۇلىنى
ئۆزگەرتىپ مېھماندارچىلىقتا چاقىرىپ، پولو ئېتىپ
ئىچىگە زەھەر سېلىپ ئۆلتۈرۈشنى قوللانماقچى بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ بۇ خىل پىلانى ئىشقا ئېشىپ قالسىلا،
ئابدىنىياز مىراپنىڭ ئايىلى نازىۋانى ئاغىچىنى
لوزۇڭ خوتۇنلۇققا ئالماقچى، قىزى بۇۋى سۇلتانخاننى
جاڭجىسا خوتۇنلۇققا ئالماقچى، چوڭ كېلىنى شەر-
خاننى لىكۇي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. ئابدىنىياز
مىراپ ئۆلگەندىن كېيىن، پۈتۈن مال-دۇنياسىنى
يۇقىرىقىلار بۆلۈشۈپ ئالماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاش-
قىرى جاڭجىسا خۇپىيانە ھالدا نوم، تۇزكۆلدىكى
يۇرت باشلىقلىرىنىمۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانىنى
ئىشەنچلىك ئادەملىرى بىلەن شۇ يەردىكى جىسا-
لوزۇڭلارغا يەتكۈزىدۇ. بەختكە يارىشا جاڭجىسانىڭ
سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى گاۋشەنسىڭ ئابدىنىياز
مىراپقا ئېيتىپ قويىدۇ. ئابدىنىياز مىراپ ئېغىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېسىق كىشى بولغىنى ئۈچۈن بۇ جىسالارنىڭ ھەر-
كەتكە قارىتا، ئۇلار ئۆزلىرى قوزغالغانغا قەدەر كۆ-
تۈپ تۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇدۇم، تۇركۆلاردىكى
يۇرت باشلىقلىرىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇپ، شۇ
جايلاردىكى جىسا - لوزۇڭلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى
كۆزىتىپ خەۋەر قىلىشىنى ھەم ئۇلار ئۆزلىرى قوزغالمى-
غىچە قول تەگكۈزمەسلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئاشۇ مەزگىلدە،
نوھەددىكى جىسا - لوزۇڭلارنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ لۇۋېي
دېگەن بىر خەنزۇ سالى دورغامنىڭ ئىنىغا بېرىپ
سۈيقەستنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈيقەستىمۇ
ئاراتۈرۈكتىكى ئەھۋالغا ئوخشاشلا مېھماندارچىلىقتا
چىللاپ ئاشقا زەھەر سېلىپ، نوھەنىڭ سالى دورغا
باشلىق - ئاسىر، مۆتۈسۈپ، پازىل دېھقان، غوجى موللا،
توخسۇن بوۋا، ھادى بوۋا، سالى قورمال، ھەمتىمىن
پالۋان قاتارلىق ئون قانچە كىشىنى بىراقلا ئۆلتۈر-
مەكچى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئىشقا ئېشىپ
قالغىنىدا، سالى دورغىنىڭ قىزى ئايپاشاخاننى شوي
لويە خوتۇنلۇققا ئالماقچى، كېلىنى گۈلخاننى ۋاڭ خۇيمىڭ
خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ بۇ سۈيقەست
لىك پىلانلىرى ئىشقا ئاشقىچە خەلق قوزغىلىپ كېتىدۇ.

7 . قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئېشىپ،
خەلقنىڭ ئىنقىلاب قوزغىشىغا ئاساسىي سەۋەب بو-
لىدۇ. مەسىلەن، ئاراتۈرۈك ئالتى يۇرتتا قۇمۇل ۋاڭ-
لىقىنىڭ 300 دادەنلىكتىن ئوشۇق يېرى بولۇپ، ئارا-
تۈرۈككە قاراشلىق توققۇز دورغىلىق ئورۇندىكى خەلق-
لەر تېرىپ - يىغىپ ئامبارغا كىرگۈزگەنگە قەدەر ھەق-

سىز ئىشلەيتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، دېھقان بېشى بولغان مەنسەپدارلىرنىڭ تىرىلغۇسىنىمۇ خەلققە ھەقسىز قىلدۇراتتى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ھەر بىر ئائىلىدىن بىر كۆرە سەككىز شىڭدىن بۇغداينى مەنسەپ ھەققى دەپ ئالاتتى. دۆك بېشى، قورمال ھەققى بىر كۆرە بەش شىڭدىن ئاشلىق ئالاتتى. چارۋا سانىشقا چىققان تەيجى غوجاملارنىڭ بىر كېچىلىك تاماقى ئۈچۈن، 400 پارچە قاتۇرۇلغان قايماق، 8 — 10 دانە پاخلان گۆشى، يېتىپ ئاشقىدەك سۈت ـ قېتىق، قىمىز تەييارلىناتتى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئاراتۇرۇكتىكى مال ـ چارۋىلىرى سانىلىپ بولغۇچە نۇرغۇن چارۋىچىلار مال تۆلىگىنگە قېلىپ، قولىدا بار ئاز تولا چارۋا، يەر ـ زېمىنلىرىنى بېرىۋېتىپ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، نومىدىكى ۋاڭلىققا قاراشلىق يەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە: دۇنيا يەر، باقى يەر، ئېلى يەر، ساۋۇت يەر، غوجامنىيازيەر، سەمەتۋاقى يەر دېگەندەك ئىسىملار بار. بۇ ئىسىملار يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، مۇشۇ ئادەملەر ئۆزىنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرىنى تۆلەمگە تۇتۇپ بېرىپ، يۇرتىنى تاشلاپ نومىدىن كېتىپ قالغان. ئاراتۇرۇكتە ئەنە زۇلۇم شۇ قەدەر چېكىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. شۇ كۈنلەردە سالى دورغا ھەم دەرت ـ ئەلەمگە چىدىيالماي تۇرغان ئىكەن. بۇ ئىشنىڭ ئەسلى مۇنداق بولغان ئىدى: سالى دورغا قىيىن شارائىت ئىچىدە ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى شوپۇل دېگەن يەرنى تاشلاپ، تال كۆندۈ دېگەن جايغا شوپۇل خەلق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى كۆچۈرۈپ چىقىۋالغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋ...
تۆۋەندىكىچە:

1. قۇمۇلدىكى بەيۋەنچاۋ شوپۇل خەلقىنى تېرىلغ... يەرلىرىنى خوجا ئالدۇرمىدى، دېگەن. تارىختىن بۇياد... تېرىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەرلىرىنى... تارتىۋېلىپ تاشۋېلىقتىكى خەنزۇ خۇرجالارغا بېرىۋەتكەن... ئۇرغۇنلىغان ئادەملەر يەرلىرىدىن ئايرىلىپ خەنزۇ... خۇرجالارغا ياللىنىپ ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان هالغا چۈشۈپ قالغان.

2. سەيمەي، گۇڭمەي ئاشلىقى تاپشۇرمىدىڭلار دەپ سالى دورغىنى قۇمۇلغا چاقىرتىپ 10 كۈن سولاپ (قاماپ) قويىدۇ. شۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدىكى يولبارس بىلەن ھەسەن بالا هاجى كېپىل بولۇپ بۇلار 10 كۈن ئىچىدە، سەيمەي، گۇڭمەي ئاشلىقىنى تاپشۇرسۇن، سىز سالى دورغىنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرسىڭىز دەپ بەيۋەنچاۋدىن تىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەيۋەنچاۋ، سالى دورغىنى سەن 10 كۈنگىچە سەيمەي - گۇڭمەينى تاپشۇرمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن دەپ قويۇپ بېرىدۇ.

3. 1931 - يىلى 3 - ئاي كۈنلەردە شوپۇل خەلقى ئەتمىيازلىق يېمەك ئاشلىقىنى 50 تۆگىگە ئارتىپ قۇمۇلغا چۈشۈپ ئۇن چىقىرىپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بەيۋەنچاۋنىڭ تاشۋېلىقتا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرى ئالدىنى توسۇپ، سىلەر بۇ ئۇننى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئاپىرىپ سودا قىلماقچى دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ تارتىۋالىدۇ. بۇ ئەهۋالدىن خەۋەرلەنگەن خەلق تېخىمۇ غەزەپلىنىدۇ.

4. ئاراتۇرۇك باينىڭ سىمىخاچۇەن (سۆجە بۇلاق)دا تۇرۇشلۇق چازىنىڭ باشلىقى جاڭگوخۇ قومۇلدىن چىقىپ سۆجە بۇلاققا قايتىپ كېلىۋاتقاندا، شوپۇلغا كېلىپ سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. شۇ ئاخشىمى سالى دورغىغا ماڭا بۈگۈن كېچە خوتۇنلۇققا ئۇيغۇردىن بىر ئايال تېپىپ بېرىسەن دەپ بېسىم قىلىدۇ. سالى دورغا «بىز ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلار، بىزنىڭ ئۆرپ ئادىتىمىزدە مۇسۇلمان بولمىغان ئادەمگە خوتۇن بولۇش يوق. ساڭا خوتۇن بولىدىغان ئايال يوق» دەيدۇ. جاڭگوخۇ يولسىزلىق قىلىپ، سالى دورغىنىڭ ئۆيىدىكى قىزى ئاينىساخاننى كۆرسىتىپ، بۇ خوتۇن ئەمەسمۇ دەپ تۇرىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سالى دورغىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، سەن بۇنداق يولسىزلىق قىلىدىغان بولساڭ، يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن ئۆلىمەن دەپ تۇرۇپ جاڭگوخۇ بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ. جاڭگوخۇ «سەن بەش كۈن ئىچىدە، قىزىڭنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەرمىسەڭ، مەن قايتىپ كېلىپ سېنى ئۆلتۈرۈپ، قىزىڭنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، كۈيئوغلۇڭنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىمەن» دەپ سۆجە بۇلاقتىكى چازىسىغا كېتىپ قالىدۇ. سالى دورغا مۇشۇنداق ئېغىر بېسىمغا چىداپ تۇرالماي ئاخىرى شوپۇل خەلقىنى تال تېغىغا كۆچۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى: ئاراتۇرۇك خەلقى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىدى. مۇشۇنداق ئاچچىقلۇق پەيتتە، ئابدىتىياز مىراپ، يولبارسنىڭ شوپۇللۇق سالى دورغىنى تۇتۇپ بېرىش بۇيرۇق خېتىنى سالى دورغى-

نىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇن
مۇنداق: «شوپۇلدىكى سالى دورغا بۇزۇلۇپ، شوپ
خەلقىنى تال تېغىغا كۆچۈردى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئى
قىلاپ قوزغىماقچى. سىز بۇ خەتنى ئالماق ھامان
ئادەم ئەۋەتىپ سالى دورغىنى تىرىك تۇتۇپ ماڭ
تاپشۇرۇپ بېرىڭ». شۇنىڭ بىلەن 1931 - يىلى 3
ئاينىڭ 28 - كۈنى سالى دورغا دەرھال شوپۇلدىكى
يۇرت باشلىقى ھۆرمەتلىك كىشىلەر بىلەن كېڭەش يىغى
نى ئاچىدۇ. بۇ يىغىنغا ئاراتۇرۇكتىن خەت ئالاق
ئېلىپ كەلگەن — توخسۇن قورمال، قۇمۇلدىن خەت
ئېلىپ چىققان يارى دورغا قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ.
يىغىن ئاخىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ.
سالى دورغا ئابدىنىياز مىراپقا مۇنداق خەت يازىدۇ:
«پىچاق سۆڭەككە يەتتى» ئەندى قوزغىلاڭ كۆتۈر-
مىسەك بولمىدى. شۇڭا مەن شوپۇل بىلەن باي
خەلقىنى تەشكىللەپ، سىمىخىۋاچۇەندىكى (سۆجە
بۇلاق) جاڭگوخۇنىڭ چازىسىدىكى ئەسكەرنى يوقىتى-
مەن، ئابدىنىياز مىراپ سىز توخسۇن قورمال ئىك-
كىڭىزلەر ئاراتۇرۇك يېزىسىدىكى خەلقنى تەشكىللەپ،
ئاراتۇرۇك لەيىڭفاڭدىكى ئابلادارىنىڭ 100 لەشكىرىنى
يوقىتىڭلار. باقىنىياز دورغا تۇركۆلدىكى 17 كىشىلىك
جىن شۇرېننىڭ چازىسىنى يوقاتسۇن. نومۇلۇق سالى
دورغا نومدىكى جىساجۇي بىلەن جىسا - لوزۇڭلارنى
يوقاتسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەسلىھەتكە
توخسۇن قورمال بىلەن يارى دورغىمۇ قوشۇلۇپ، سالى
دورغا يازغان خەتنى ئېلىپ ئاراتۇرۇككە قايتىپ كې-

لىپ ئابدىنىياز مىراپقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئابدىنىياز مىراپ خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ پىكىرلەرنى ماقۇل كۆرۈپ، ئالاقە يېزىپ تۇركۆل، نوملارغا ئادەم ئەۋەتىپ تېزدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. قاپاقنىڭ سۇنغىسى كەلسە، تاشقا تېگىپتۇ دېگەندەك نومىدىكى جىسا - لوزۇڭلارمۇ نىيىتىنى بۇزۇپ يەرلىك يۇرت باشلىقلىرىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ كېلىشكە ئىككى قېتىم كىشى ئەۋەتىدۇ. (ئەكسىيەتچى جىسا - لوزۇڭلار نومىدىكى يۇرت باشلىقلىرىنى مېھمان قىلىش باھانىسى بىلەن زەھەر سېلىنغان پولۇنى يېگۈزۈپ، ئۇلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىدى.) شۇ ۋاقىتتا ئابدىنىياز مىراپنىڭ تېزدىن قوزغىلىپ سۈيىقەستچى جىسا - لوزۇڭلارنى يوقىتىڭلار دېگەن بۇيرۇق يېتىپ كېلىدۇ - دە، سالى دورغا 30دەك ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، مېھمان قىلىشقا تەييارلىغان ئۆيگە كىرىپلا ئىشىك ئارقىسىغا قارىغىدەك بولسا، گۈلمىخ قېقىلغان توخماقلار تەييارلاپ قويۇلغان ئىكەن، مۇشۇ توخماقلارنى قولىغا ئېلىپلا، ئۆيىدىكى ۋە ئاشخانىدىكى سۈيىقەستچىلەرنى ئۆزلىرى رۇسلىغان تاياق-توخماقلار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ تەييار تۇرغان سىرتتىكى ئامما قوزغىلىپ كېلىپ قازاندىكى پولۇنى بىر ئىتقا بەرگەن ئىكەن، ئىت يېمەك ھامان ئۆلگەن. بۇنى كۆرگەن ئامما تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، قالغان جىسا - لوزۇڭلارنى قوغلاپ يۈرۈپ بىرنىمۇ قويماي ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. «ھەر كىم قىلسا يامان-

لىق، ھەرگىز تاپماس ئاماللىق
لوزۇڭلار ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆل
لىرى كۆمۈلىدۇ» دېگەندەك، جەم
بايدىن توپلانغان پالۋانلارنى باشلاپ، جىن شۇرىنىڭ
سىمىخۇاچۇەندىكى چازىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇپۇلدىكى سالى دورغا شوپۇل
بىلەن ئېغىر زۇلۇم دەستىدىن غەزەپكە تولغان شوپ
ۋە ئاراتۇرۇك خەلقلىرى بىرلىشىپ قوزغىلىشقا مە
بۇر بولىدۇ ــ دە، چاقماق تېزلىكىدە دېھقانلار قوزغىل
ئىنى پارتلايدۇ.
ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «مىللىي زۇلۇم تېگى ـ تەك
تىدىن ئېيتقاندا سىنىپىي زۇلۇم. بۇ قوزغىلاڭمۇ
بىر مىللەتكە قارشى كۆتۈرۈلگەن
مىللەتچىلىك تۈس ئالغان قوزغىلاڭ بولماس
تىن، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئازادلىق ۋە
ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قوز-
غىلاڭدۇر. مەسىلەن، ئابدىنىياز مىراپ، سالى دورغ
لارغا، جىسا ـ لوزۇڭلارنىڭ يۇرت باشلىقلىرىنى ئۆل
تۈرۈش سۈيىقەستلىك ھەرىكىتىنى ئىنكاس قىلغان
گاۋشەنىڭ، سۈيلۇۋېيلارنى ئۆلتۈرمەستىن قايتۇرۇپ
بارىكۆلگە يەتكۈزۈپ قويغان. بۇمۇ دېھقانلار قوزغى
لىشىنىڭ مىللەتكە قارشى قوزغىلاڭ ئەمەسلىكىنى
ئىسپاتلايدۇ، خەلق قوزغىلىپ ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرت
تىكى جىسا ـ لوزۇڭلارنى يوقىتىش جەريانىدا، ئاماس
لىق دۇشمەندىن ئىككى نەپەرنى قاچۇرۇپ قويغان.
بۇنىڭ بىرسى نومەدىن، يەنە بىرسى بايىنىڭ سىمى
خۇاچۇەندىن جاڭگوخۇنى قاچۇرۇپ قويغان، جاڭگوخۇ

قېچىپ باردىكۆلگە، بىردۋالغاندىن كېيىن دەرھال تىلىڭرامىما ئارقىلىق ئۇرۇمچىدىكى جىن شۇرىنغا خەۋەر يەتكۈزگەن.

جاڭگوخۇ قانداق قېچىپ كەتتى؟

جاڭگوخۇ، سالى دورغىغا «بەش كۈنگىچە قىزىڭنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئاپىرىپ بەرمىسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قىزىڭنى ئالىمەن» دەپ كەتكەندىن كېيىن سالى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ بىر پۇرسەت، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنى ئالداپ يوقاتمىسام سالى دورغا بولماي كېتەي، دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئۇ يالغاندىن قىزىنى جاڭگوخۇغا بېرىشكە قوشۇلغان بولۇپ، ئىپادىسىنى بىلدۈرۈش سىلويىنى ئىشقا سېلىپ، توپلانغان 50 نەپەر پالۋاننى باشلاپ كېچىدە سىمخۇاچۇەندىكى دۈشمەن چازىسى ئەتراپىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىككى نەپەر پالۋاننى ھەمراھ قىلىپ چازىغا كىرىپ جاڭگوخۇ بىلەن كۆرۈشىدۇ. سالى دورغا بۇنداق دەيدۇ. بالدۇر سىلى ئۆيگە بارغاندىلا سىلىگە بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، سىلىدىن ئەپۇ سوراپ كەلدىم. خاپا بولمىسىلا، مەن قىزىمنى سىلىگە بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ توي توختام ئىشلىرىنى بىر نەرسە دېيىشسەك دەپ كېلىۋېدىم، دەيدۇ. جاڭگوخۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولىدۇ، شۇ ھامان خۇشاللىقىدا ئەسكەرلەر بىلەن بىرگىلا، سالى دورغا باشلىق ئۈچ كىشىگە زىياپەت بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاراق شاراپ ئىچىشكە كىرىشىدۇ. ئاخىرى ئەسكەرلىرى مەيلىك بولۇپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

سالى دورغا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، جاڭكوخـو
بەش كۈندىن كېيىن تويىنى شوپۇلدا قىلىشقا چىللا
قويۇپ قايتىدۇ - دە، يوشۇرۇنغان پالۋانلىرىنىڭ يېنى
كىرىپلا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپلا، چازىنى قورشاپ تېيىۋ
سىز ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بىخوت ھەم مەست بولۇپ كە
كەن ئەسكەرلەرنى ئاسانلا قولغا چۈشۈرىدۇ. بىرا
جاڭكوخۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن يۈگۈرەك ئېتىنى ئىگەر
لەپ قويۇپ ماخولىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئىكەن. پال
ۋانلارنىڭ ئات تۇياقلىرىدىن چىققان شەپىنى ئاڭلاپ
ئاتنى مىنىپلا غول تۆۋەن قاچىدۇ. بۇنى كۆرگەن سالى
دورغا ئايدىڭ كېچىدە ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقىر
دۇ. ئاتقان ئوق ئۇ مىنگەن ئاتقا تېگىپ، ئات يىقى
لىدۇ. جاڭكوخۇ بولسا ئورنىدىن تۇرۇپلا قاراڭغۇدا
تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. پالۋانلار چازىنى ئېلىپ
بولۇپ تاغقا چىقىپ جاڭكوخۇنى ئىزدەيدۇ. بىراق
تاپالمايدۇ. ئۇ قاچقان تاغنىڭ ئالدىدا قىزىم كۆندۈ
دېگەن يەردە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سودا ئارتىپ
چىققان بارىكوللۇق سودىگەرلەر 500 دەك تۆگىنى
چۆكتۈرۈپ قويۇپ ياتقانىكەن. جاڭكوخۇ شۇ يەرگە
بېرىپ ئۇلاردىن پاناھلاپ قېلىشنى تىلەيدۇ. بۇ سودى-
گەرلەر ئۇنىڭ تىلىكىگە قوشۇلۇپ ئۇنى سودا قاچىلان-
غان ساندۇق ئىچىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. بۇ سودىگەرلەر
سالى دورغىنىڭ جاڭكوخۇنى ئىزدەپ كەلگەن ئادەم-
لىرىگە (پالۋانلىرىغا) ئۇنداق ئادەم كۆرمىدۇق، دەپ
جاۋاب بېرىدۇ. پالۋانلار يۈك - تاقلارنى ئارىلاپ
ئىزدىگەن بولسىمۇ جاڭكوخۇنى تاپالمايدۇ. ساندۇق-

لارنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇش ئۇلارنىڭ ئېسىگە كەلمەي-
دۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇپ چىقىشىغا سودىگەرلەر تۆگى-
لەرگە يۈك - تاقلىرىنى ئارتىپ كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق
قىلىپ جاڭگوخۇنى سودىگەرلەر ساندۇق ئىچىگە سې-
لىپ بارىكۆلگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. جاڭگوخۇ بارىكۆل-
گە بېرىۋالغاندىن كېيىن دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق
ئۈرۈمچىدىكى جىن شۇرېنغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ.
شۇ كۈنىلا جىن شۇرېن تېلېگرامما ئارقىلىق قۇمۇلدىكى
بەيۋىنچاۋغا يولىيورۇق بېرىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى
بېسىقتۇرۇشنى تاپشۇرىدۇ. سالى دورغا 1931 - يىلى
4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى باينىڭ سىمىخۇاچۇەندىكى چا-
زىنى ئېلىپ دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، قوزغىلاڭنى پۈ-
تۈن ئاراتۈرۈك بويىچە كېڭەيتكەن بىر باتۇر سەر-
كەردە. بۇ ئادەمنىڭ ئىنقىلاب جەريانىدىكى پائالىيەت-
لىرىنى ئايرىم ماتېرىيال ئارقىلىق تونۇشتۇرىمىز.

گەپنى ئەسلى تېمىغا يۆتكىسەك: 1931 - يىلى
3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى توخسۇن قورمال ئاراتۈرۈككە
قايتىپ كېلىپ، شوپۇلدا سالى دورغا بىلەن بىرلىككە
كەلگەن پىكىرىنى ئابدىنىياز مىراپقا دوكلات قىلغان-
دىن كېيىن، ئابدىنىياز مىراپ مۇنداق ئورۇنلاشتۇ-
رۇش قىلىدۇ: «تۈركۆلدىكى چازىدا 17 نەپەر ئەسكەر
بولۇپ، بۇنى تۈركۆلدىكى باقىنىياز دورغا يوقاتسۇن»
دەپ باقىنىياز دورغىغا ئالاقە ئەۋەتىدۇ. نومغا ھەگەي
تۇرسۇن دېگەن كىشى ئارقىلىق ئالاقە ئەۋەتىپ، نوم-
دىكى جىسا - لوزۇڭلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۆزى
بولسا توخسۇن قورمال بىلەن بىرلىكتە چوڭ ئۆيلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىكى ئابلا دارىننىڭ 100 كىشىلىك قوشۇنىنى ئەپچىل-
لىق بىلەن قورال تاپشۇرتۇپ ئەل بولۇشقا تەدبىر
قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەدبىرى مۇنداق: 1931 - يىلى
4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئابدىنىياز مىراپنىڭ ئۆزىگە
قاراشلىق 40 نەپەر مىللىي قوراللىق ئەسكىرى بولۇپ،
ئۇلارغا ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ قوزغىلاڭغا قاتنى-
شىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. قاتنىشىشقا قوشۇلمىغانلار-
دىن قورالنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۆزلىرىنى ياندۇردى.
ئىككىنچى قەدەمدە توخسۇن قورمالنى ئەلچىلىككە تە-
يىنلەپ، ئابلا دارىنغا كىرگۈزدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار
مۇنداق چارە ئىشلىتىدۇ. ئابدىنىياز مىراپنى تۇتۇپ
باغلاپ، تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئابلا دارىننى
چاقىرىپ كېلىپ كۆرسىتىدۇ ھەم قوزغىلاڭچىلار ئابلا
دارىننىڭ يىڭفاڭىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئابلا دارىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورال تاپ-
شۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قورال تاپشۇرىدۇ. ئابدىنىياز
مىراپ يۇقىرىقىدەك چارە ئىشلىتىپ دۈشمەنگە تىنچ-
لىق ئارقىلىق قورال تاپشۇرتۇپ ئېلىپ، ئاراتۇرۇكتە
ئورۇنسىز قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئابلا
دارىننىڭ ئەسكەرلىرىمۇ تىنچلىق بىلەن ئەل بولىدۇ.
ئۇلارنى دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتناشساڭلارمۇ ئىختىيار،
قاتناشماي ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىمىز دېسەڭ-
لارمۇ ئىختىيار دېگەندە، ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ
كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئاخىرى ھەممىسى
ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئارا-

تۇرۇك ناھىيە ئورنى تىنچلىق بىلەن ئىشغال قىلىنىدۇ.

1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇركۆل يېزا بىلەن نوم يېزىسى بىر كۈندە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. تۇركۆلدىكى باقىنىياز دورغا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى تەشكىللەپ، تۇركۆلدىكى چازىغا يوشۇرۇن باستۇرۇپ كىرىپ، 17 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئېلىپ قوراللىرىنى تاپشۇرتۇپ ئالىدۇ.

ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق: باقىنىياز دورغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، سۇۋۇر دېھقاننىڭ بىر قورا قويىنى ھەيدەپ كېلىپ يالغاندىنلا چازىدىكى ئەسكەرلەرگە تەقدىم قىلغان بولىدۇ. ئەسكەرلەر خۇشاللىقىدا قوتاندا مال تۇتۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باقىنىياز دورغا، سۇۋۇر دېھقان، تۆلەك توختىلار ئەسكەر باشلىقى دارىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىخۇتلۇق ئولتۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سۇۋۇر دېھقان دارىننىڭ يوينىغا چۇلۇۋۇر بىلەن سىرتماق سالىدۇ، تۆلەك توختى بولسا دارىننىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ يىقىتىپ بېسىپ ئالىدۇ. ئاندىن باقىنىياز دورغىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دارىننى قاتتىق باغلاپ قويىدۇ. سىرتتا مۆكۈنۈپ ياتقان قوزغىلاڭچى باتۇرلار چازىغا بېسىپ كىرىپ قوراللارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوتاندا مال تۇتۇۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئاسانلا ئەسىرگە ئالىدۇ. بۇ ئەسىرلەر يوقىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار 17 تال گاڭچاڭغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇركۆلدىمۇ

بىرەر ئادەم خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىمايلا ئىنقىلا
غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇ.

نومىلىق سالى دورغا، نومىدىكى جىسا ـ لوزۇڭلا
ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلۇپ، نومىدىكى يەرلىك يۇرت با
لىقلىرىنى ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستلىك ھەرىكىتىنى جى
دىيلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا بۇرۇنراق تەدبىر قو
لانمىسا بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ نومىدىن غوجى
موللا دېگەن كىشىنى ئابدىنىياز مىراپتىن يولىيورۇ
سوراپ كېلىشكە يولغا سالغانىدى. غوجى مول
نومىدىن يولغا چىقىپ ئاداق دېگەن جاينىڭ يېرى
يولىغا چىققاندا، ھەگەي تۇرسۇن دېگەن كىشى ئابدى
نىياز مىراپنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كېلىپ قالىدۇ
بۇيرۇق مۇنداق ئىدى: بۇ خەتنى ئالماق ھاما
نومىدىكى جىسا ـ لوزۇڭلارنى يوقىتىپ، قورال ـ ياراق
لىرىنى قولغا ئېلىپ، ئىنقىلاب قىلىشقا ئاتلىنىڭلار
دېيىلگەن. شۇ كۈنى غوجى موللا بىلەن بىرگە نوم
دىكى جىسا ـ لوزۇڭلارمۇ بىر ئادىمىنى ئاراتۇرۇكتىن
يولىيورۇق سوراپ كېلىشكە چىقىرىدۇ. غوجى مولل
نىڭ يېرىم يولدىن قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، جىسا ـ
لوزۇڭلارنىڭ ئەلچىسىمۇ ئارقىسىغا قايتىدۇ. غوجى
موللا مىنگەن ئات قاشاڭ ئات ئىكەن. ئۇنىڭ
( جىسا ـ لوزۇڭلارنىڭ ئادىمىنىڭ ) مىنگەن ئېتى شاي①
ئات بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىلەپ بېرىپ جىسا ـ لوزۇڭلارغا
غوجى موللىنىڭ. يولنىڭ يېرىمىدىن قايتىپ كەلگەن
لىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جىسا
لوزۇڭلار تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ زەھەر سېلىنغان

① شاي — چاپسان ماڭىدىغان

پولو ئاشقا نومىنىڭ يۇرت باشلىقلىرىنى چىللاپ كېلىپ مېھمان قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا غوجى مولla يېتىپ كېلىپ خەتنى سالى دورغىغا تاپشۇرىدۇ. سالى دورغا خەتنى كۆرۈپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ 30 دەك كىشى بىلەن مېھماندارچىلىققا چاقىرغان ئۆيگە، كىرىپلا ئىشىك ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا، گۈلمىخ قېقىلغان توخماقلار تەييار تۇرغانىكەن. شۇ توخماقلارنى قولغا ئېلىپلا مېھمان چاقىرغان ئۆيدىكى ۋە ئاشخانىدىكى سۇيىقەستچىلەرنى ئۆزلىرى ئۇسلىغان توخماق بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇ ئارىلىقتا شوي لوبى جىسا بىلەن قېچىپ بېرىپ ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەنلەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار شوي لوبىنىڭ ئۆيىگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرىدۇ - دە، شوي لوبىنىڭ قولىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىگە مۆكۈنىۋېلىپ ئىشىككە قارىتىپ يەنە ئوق چىقىرىدۇ. ئاخىرى قوزغىلاڭچىلار شوي لوبىنىڭ ئۆيىنىڭ تۆپىسىنى تېشىپ كىرىپ، شوي لوبىنى تۇتۇپ چىقىپ ئۆلتۈرىدۇ. سالى دورغا باشچىلىقىدىكى 30 نەچچە ئادەم لوبى - جىسالارنى يوقىتىپ بولغىچە، سىرتتىكى ئاما قوزغىلىپ كېلىپ قازاندىكى پولو ئاشنى بىر ئىتقا بەرگەنىكەن، ئىت يېمەك ھامان ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاممىنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ كېتىپ 20 ئۆيلۈك 80 نەپەر خەنزۇ خۇرجانى قاراقويۇق ئۆل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ تاشلايدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئاراتۈرۈ
خەلقى قوزغىلىپ، قورال تۇتقىدەكلا ئەرلەرنىڭ ھەم-
مىسى دېگۈدەك قولىغا قورال ئېلىپ، ئاچىل - ئاچىل
ئىسلام ئاچىل، ئاچىلمىساڭ ساچىل، دەپ ئەلەملەرنى
كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. نوملۇق ناسىر مۆتۈسۈپ
دېگەن كىشى بىلەن تۈركۆللۈك باقىنىياز دورغىلار
بىرلىشىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى مەدھىيىلەپ تۆۋەندىكى
قوشاقلارنى توقىغان:

ئاراتۈرۈككە باش قىلىپ،
لۈدارىننى پەيلىدى.
پەيلى بۇزۇق دارىننى،
قوزغىلاڭچىلار بابلىدى.

يەرنى خىغا ئالدۇق دەپ،
قومۇللاردا مو سالدى.
نومغا چىققان جىسالار،
جەھەننەمگە يول ئالدى.

لى چۈرشى توڭگۈز قوپۇپ،
مۇسۇلماننى پەس قىلدى.
خۇدا تۆپىسىدىن ئۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئىشىنى تەس قىلدى.

كودەس قىرىدا يەر كۆرسىتىپ،
كۆڭۈللىرىنى ئۈستۈردۇق.

گۈلمىخ قاققان تـوخمىقىدا،
ئۆزلىرىنى ئـۆلتۈردۇق.

ھەجرىيە بىرمىڭ ئۈچيۈز ئەللىك بىردە،
قىشما ـ قىسما ئالامەت.
دۈشـمـەن بىلەن جەڭ قىلدۇق،
خۇدا قىلدى سالامەت.

جىسا ئاتىدۇ تــاشقا،
تاغچى ئاتىدۇ باشقا.
باقىنىياز دورغىنى ياندۇردۇالساق،
يىگىرمە ئوتتۇز ياشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 8. ئاراتۇرۇك بويىچە دېھقانلار قوزغىلىڭىدا بولغان بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار

نومىدىكى جىسا، ئوزۇڭلارنى يوقاتقان كۈنى بىر نەپەر خەنزۇ قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ قېلىن جاڭگال ئىچىگە كىرىۋالغانلىقتىن ئۇنى قوزغىلاڭچىلار تاپالمىغان. ئۇ شۇ كېچىسى قېچىپ سەنتاڭخۇ دېگەن يەرگە بېرىپ، شۇ يەردىكى بارىكۆللۈك خەنزۇلار ئارقىلىق بارىكۆلدىكى جېن‌شۇرىنىڭ ئەسكەر باشلىقى خې‌تۇەنجاڭغا نومىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىدۇ. خې‌تۇەنجاڭ دەرھال ئۇرۇمچىدىكى جېن‌شۇرىنغا دوكلات قىلىدۇ. جېن‌شۇرىن تېلېگراممىا ئارقىلىق خې‌تۇەنجاڭغا بۇيرۇق بېرىپ «ئاراتۇرۇكتە يۈز بەرگەن توپىلاڭنى تېزدىن تىنجىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ تىرىك قويماي يوقىتىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن خې‌تۇەنجاڭ دەسلەپتە نومىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن نومغا بېرىپ ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ.

## 1) كىچىك نومدىكى ئۇرۇش

1931 - يىلىنىڭ 10 - ، 11 - ئايلىرى ئىدى. خېتۇەنجاڭ ئۆزى باشلىق بولۇپ، يۈزدەك ئەسكەرنى باشلاپ سەنتاڭخۇ ئارقىلىق ئېگىپ، كىچىك نومنىڭ يېتىمبولاق دېگەن جايىغا يېتىپ باردى. ئۇ ئۆز خىيالىدا نوم ئىنقىلابچىلىرىنى ئاجىز چاغلاپ ئازغىنە ئەسكىرى بىلەن كەلگەنىدى. ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسى بولۇپ چىقتى. بۇ يەرگە نوم قوزغىلاڭچىلىرى پازىل دورغىنىڭ باشچىلىقىدا مەمتىمىن پالۋان قاتارلىق سەرخىل مەرگەنلەردىن 40 نەپەر ئادەم يول توسۇپ ياتقانىدى. بۇلار خېتۇەنجاڭنىڭ ئەسكىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، توققۇز ئەسكەرنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆلتۈردى. دۈشمەنلەر ئارقىغا يېنىپ بەدەر قاچتى. مەمتىمىن پالۋان باش بولۇپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ سالوبا دېگەن يەرگە بارغاندا، يېتىشىپ بېرىپ، شىددەتلىك ھالدا جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدىمۇ دۈشمەن ئەسكىرىدىن بەش ئەسكەر ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ، سەنتاڭخۇغا قاراپ قېچىپ كەتتى. مۇشۇ قېتىمقى ئىككى مەيدان ئۇرۇشتا نوم ئىنقىلابچىلىرى غەلىبە قىلىپ، جەمئىي 14 دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، 14 تال كاڭچاڭ ( شۇيلەنجۇ ) نى غەنىيمەت ئالدى.

بۇنىڭدىن سىرت نۇرغۇن ئوق، 10 دانە تۆگە، بەش دانە ئات غەنىيمەت ئالدى.

دۈشمەن يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، يەنە شۇ يىلى 12 – ئاينىڭ ئاخىرلىرى خې تۈەنجاڭ 200 دەك ئەسكىرى بىلەن كىچىك نومىنىڭ مالىيەڭ دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندە نوم پالۋانلىرىدىن مەمتىمىن پالۋان، تۇلكە ئىمىن، ئورۇقناسىر، ناسىرمۇللا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا 30 نەپەر قوزغىلاڭچىلار يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەندىن 10 ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، دۈشمەن شۇ قاشقانچە سەنتاڭخۇدىمۇ توختىماي بارىكۆلگە قېچىپ كەتكەن. بۇ قېتىمقى جەڭدە 10 تال گاڭچاڭ، نۇرغۇن ئوق، نۇرغۇن ئۇن، 91 تۆگە غەنىيمەت ئالغان. بۇ غەلىبىلەردىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەيرەت، جاسارىتى كۈندىن-كۈنگە ئاشقان. دۈشمەنلەر يۈرەكزادە بولۇپ، قورقۇنچ، ۋەس-ۋەسىگە چۈشۈپ قالغان.

شۇ يىلى (1931) يىل ئاخىرىدا خې تۈەنجاڭ 2000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، كىچىك نومىنىڭ چوڭ جىڭدە دېگەن يېرىگە باستۇرۇپ كەلگەندە، نومدىكى سالى دورغا، خې تۈەنجاڭغا بىر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ خەت ئەۋەتىدۇ: «جانابى خې تۈەنجاڭ، سىز بولسىڭىز بارىكۆل ئادىمى، تارىختىن بۇيان، ئاراتۈرۈك بارىكۆل ئادەملىرىنىڭ قوشنىدارچىلىقىمىز بار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزبىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلمەڭ! بىزنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىمىز تولۇق، ھازىر بىزنىڭ ئادەملىرىمىز خىل، ئاراتۈرۈك ئالتە يۈرتتىن

600 پالۋان يىغىلدى، ماجۇڭيىڭدىن 500 خۇيزۇ ئەسكەر
ياردەمگە كەلدى، تاشقى موڭغۇلىيىدىن 1000 كىشىلىك
قوشۇن ياردەمگە چىقتى. بىزدە 2000 دىن ئارتۇق
تاللانغان قوشۇن بار. سىز مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ئىشەنـ
مەي، ئۇرۇش قىلىمەن دەپ كەلسىڭىز زور زىيان
تارتىسىز، شۇڭا قايتىپ كەتكىنىڭىز تۈزۈك.» دەپ
يېزىلغانىدى. بۇ سۆزلەر ئەمەلىيەتتە پو پوزا
( قورقۇتۇش ) ئىدى. بىزدە نەدىمۇ ئۇنچىۋالا كۈچ
بولسۇن. خې تۈەنجاڭ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ
بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە يەنىلا ئەندىشە چۈشىدۇ.
ئۇ بىر دانە توغراقنىڭ قاسىرىقىنى سويۇپ تاشلاپ،
شۇ جايغا موبى قەلەم بىلەن مۇنداق دەپ خەت
يازىدۇ:

«ھۆرمەتلىك سالى دورغا، مەن سىزنىڭ پو-
پوزىڭىزدىن قورقۇپ كېتىپ قالغىنىم يوق، يۇقىرىنىڭ
بۇيرۇقىغا بىنائەن قايتىپ كەتتىم» دەپ خەت يېزىپ
قويۇپ، بارىكۆلگە قايتىپ كەتكەن. خې تۈەنجاڭنىڭمۇ
ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق جەڭنىڭ ئاچچىق ساۋىقى
ئېسىدە بار ئىدى، شۇڭا ئۇ كېتىپ قالدى. ئەمما
نوم قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۆڭلىدىمۇ زور ئەندىشىسى
بار ئىدى، چۈنكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كۆپ،
قورال-ياراقلىرى خىل ئىدى. نوم قوزغىلاڭچىلىرى
زور زىيان تارتىشتىن ئامان قالدى.

نوم خەلقى كىچىك نومدىكى ئۇرۇش-جەڭلەرنى
خاتىرىلەپ تۆۋەندىكى قوشاقلارنى قوشقان:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتىم بولاقتا بارغاندا،
پازىل دورغىدىن تەر چىقتى.
توققۇز چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ،
مەمتىمىن پالۋان ئەر چىقتى.

مەمتىمىن پالۋان باش بولۇپ،
سالوباغا باشلىدى.
سالوبادىن قايتقاندا،
بەرەم تونىنى تاشلىدى.

ئاداقچى ئىمىن ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئەپلىدى.
دۈشمەن ئوقنى ئاتقاندا،
بېشىنى توراقتا كەپلىدى.

توخسۇن بوۋا ھەردەمچى،
يۇنۇس دېھقاننى ياچىدۇ.
دۈشمەنلەرنى كۆرگەندە،
يەتتە قىردىن قاچىدۇ.

## 2) نىرىنكەردىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش

بىرىنچى قېتىملىقى سالىيەك دۈشتە بولغان ئۇرۇش.

1931 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. جىن
شۇرىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن باركۆلدە تۇرۇشلۇق خې-
تۇەنجاڭ (ئەسلى ئىسمى خېجۇنكۇي) ئىككى يۈز
ئەسكەر بىلەن باركۆلدىن يولغا چىقىپ ئاراتۈرۈك-
نىڭ نېرىنىكىر يېزىسىنىڭ سالىيەڭدۆش دېگەن
يېرىگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا نېرىنىكىردىكى قوز-
غىلاڭچىلاردىن 100 دەك قوراللىق ئادەم دۈشمەننىڭ
ئالدىنى توسۇپ بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. دۈش-
مەن قوشۇنى بىر قەدەممۇ ئىلگىرلىيەلمەيدۇ، ئۇرۇشتا
ئون نەپەر ئەسكىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئامالسىزلىقتىن
كېچىسى چېكىنىپ باركۆلنىڭ كۈيسۇدىكى جوجاڭ
دېگەن يېرىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئاردىن ئىككى كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن باركۆلدىن جاڭ تۇەنجاڭنىڭ بىر
تۇەن ئەسكىرى كېلىپ خې تۇەنجاڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ،
جەمئىي 2500 ئەسكەر بىلەن نېرىنىكىرنىڭ شيوچەن
(شوربۇلاق) دېگەن جايىغا بېسىپ كېلىپ جاڭچىك
(چادىر) لارنى تۇتۇپ، ماكانلىشىدۇ. ئەتىسى ناماز-
پېشىن ۋاقتىدا 300 دەك موڭغۇل ئەسكىرى بىلەن
ئۇشقۇرغولدىكى نېرىنىكىر خەلقىگە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.
شۇ چاغدا نېرىنىكىر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى
سادىق قورمال، ئىمىن مىراقۇل، ھاشىر ھاجى قاتار-
لىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە 100 نەپەر قوراللىق
ئادەم ئۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت قولىغا
قورال تۇتقىدەكلا ئادەم تاياق - توخماق، پالتا -
چەيدو ئېلىپ ھەممىسىلا ئۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ،
جەڭگە تەييارلىنىدۇ. تۇركۆلدىن باقىنىياز دورغىنىڭ

باشچىلىقىدا بىر قىسىم قوراللىق ئادەم ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ، قومۇلنىڭ توشۇ، تۆمۈرتى، قوراي دېگەن جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلاردىن ھەم بىر تۈركۈم ئادەملەر ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ. قازاق باشلىقلاردىن ئايەمبەت ھەم 10 دەك ئادىمى بىلەن مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا قوزغىلاڭچىلار تەرەپنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا يىغىلغان ئادىمى 200 ئەتراپىدا ئىدى. يەر شارائىتى بىزگە ئەپلىك ئىدى. بىراق مىلتىقلارنىڭ ئوقى ئاز ئىدى. ئارانلا بىر مىلتىقتا توققۇز تالدىن ئوق بار ئىدى. ئايرىم كىشىلەرگە ئالتە تالدىن ئوق تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. بۇنداق ئەھۋالدا پىلان تۈزۈش كېرەك ئىدى.

ئۇرۇش پىلانى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى:

باقىنىياز دورغا ۋە ئايەمبەتلەرنىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلەك پالۋانلار ئۈشقۇرغولنىڭ شەرقىدىكى ئېگىزلىكنى توسۇپ، دۈشمەننىڭ ئوڭ قانىتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئۈچقۇرغولنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىكنى ئېمىن مىراقول باشچىلىقىدا بىر بۆلەك پالۋانلار دۈشمەننىڭ سول قانىتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئوتتۇرىدىن 200 نەپەر ئەسكەر بىلەن يېرىپ نامان، توختىنياز، توختىسۇن ئاللغازى، توختىسۇن مەتقۇربان، توختىسۇن توختىنياز، يۇنۇس كۆسۈ، خۇدابەردى باقىنىياز، شانى كۆسۈ، تالىپ مەتالىپ قاتارلىق ئەڭ يۈرەكلىك داڭلىق ئېتىمچى پالۋانلارنىڭ باشچىلىقىدا ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. نامان

توخنياز ئەڭ ئالدىنقى فرونتقا بېرىپ ئوق چىقار-
مىغىچە باشقا سەپلەردىن قەتئىي ئوق چىقارماسلىق
قارار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىلان بويىچە ھەرقايسى
سەپلەردىكى پالۋانلار ئابرون ئېلىپ دۈشمەننىڭ يېقىن
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. دۈشمەن بولسا تۈزلەڭ-
لىكتىن تاغ بېشىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا قاراپ ئىلگى-
رىلەپ كېلىۋاتماقتا. ئۇلار خۇددى مەس ئادەملەردەك
چاڭقىشىپ، بىخىرامان ئىدى. ئۇلارنىڭ خىيالىدا
غەلىبە بىزگە مەنسۇپ دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ
قورال - ياراقلىرى خىل، ئادىمى كۆپ ئىدى. ئۇلار
شۇنىڭغىلا ئىشىنەتتى. بىراق يەر شارائىتى ئۇلارغا
ئەپسىز ئىدى. دۈشمەن تەكەببۇرلۇق بىلەن تاغ باغ-
رىغا يامىشىپ ئېگىزگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. 500
مېتر يېقىن كېلىدۇ. بىز تەرەپ ئوق چىقارمايدۇ.
300 مېتر كېلىدۇ. 200 مېترمۇ يېقىنلاپ كېلىدۇ. نامان
توخنياز بولسا ئوق چىقارماستىن غاڭزىسىغا تاماكى-
سىنى بېسىۋېلىپ تاماكا تارتىپ قويۇپ بىغەم ئول-
تۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا باشقا سەپلەردىكى پالۋانلار
ئىچىدە غۇل - غۇلا بولۇپ كېتىدۇ. «نامان توخنياز
بۈگۈن جەڭ قىلمايلا دۈشمەننىڭ ئوقى تەگسە شېھىت
بولاي دەپ ئويلاۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەرمۇ بولىدۇ.
دۈشمەننىڭ بىر بۆلۈم موڭغۇل باتۇر ئەسكىرى نامان
توخنيازغا 50 مېتردەك كېلىپ قالىدۇ. نامان توخنياز
شۇ ۋاقىتتىلا غاڭزىسىنى چېلىشىغا قىسىپ قويۇپ،
توققۇز ئاتار مىلتىقى بىلەن ئوق ئاتىدۇ - دە، توققۇز
تال ئوقى بىلەن توققۇز موڭغۇل ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇ. قالغان ئۈچ تەرەپتىن يامغۇردەك ئوق دۈشمەن
سېپىگە قارىتىپ ئېتىلىشقا باشلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئې
تىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئاۋازى خۇددى قازاندا كۆچ
قاينىغاندەك قايناپ كېتىدۇ. دۈشمەننىڭ داپو، پەيجىپو
شۇلىيۇدەنلىرىنىڭ ئاۋازى كۆك گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋ
قىلسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ جاسارىتىنى قىلچىمۇ سىندۇ
رالمىدى، بەلكى شاۋقۇنلاپ كەلگەن كەلكۈن سۇدەك
دۈشمەن سېپىگە قاراپ ئېتىلىپ، سۈرەن - چوقان
بىلەن ئاتاكىغا ئۆتىدۇ. بۇ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا
ئاقبوز ئاتقا مىنگەن نامان توختىياز ھۆررا سېلىپ
دۈشمەنلەرنىڭ كاللىسىنى قىلىچ بىلەن خۇددى قو-
ناقنىڭ بېشىنى كەسكەندەك كېسىدۇ. ئوڭ قاناتتىكى
باقىنياز دورغا، ئايەمبەتلەرمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈش
مەننىڭ ئەلەمچى ئەسكەرلىرىدىن 12 چېرىكنى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈپ يەر چىشلىتىدۇ. دۈشمەن سېپى قالايمىقان
لىشىپ شيوچەن بۇلاققا قاراپ بەدەر قاچىدۇ، پالۋان
لار دۈشمەننى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ.
شۇ كۈنىدىكى جەڭدە دۈشمەنلەر 30 دىن ئارتۇق
چېرىكىنىڭ جەسىتىنى قالدۇرۇپ، شيوچەندىكى چوڭ
قوشۇنىنىڭ ئىچىگە يېتىۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئالغان غەنىيمەتلەر ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، 30 تالدىن ئارتۇق ھەر خىل كالاڭمىلتىق،
توققۇز ساندۇق ھەر خىل ئوق، ئات، 10 نەچچە تۆگە،
ئۇن، ھاراق، خۇاسىلىڭ، شېكەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاشۇ چاغدىكى دۈشمەن بىلەن بولغان كەسكىن

جەڭنى مەدھىيىلەپ، لومچى ناسىر مۆتۈسۈپ مۇنداق قوشاققا قاتقان:

ئۈچقۇرغولدىكى جەڭدە،
نامان توخنىياز ئەرچىقتى.
توققۇز چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ،
ئىچىدىن ئارمىنى چىقتى.

ئېغىز - بۇرنى قان بولۇپ،
دۈشمەن قاچتى شىيوچەنگە.
پالۋانلارنى «شىڭرىن»① دەپ،
غەم ئۇلاشتى دۈشمەنگە.

ئەمدى كەلسە ئۇيغۇر دەپ،
قورال تاپشۇرماق بولۇشتى.
بىز بارمىغاچ شىيوچەنگە،
دۈشمەن ھوشىغا كېلىشتى.

نامان توخنىياز ئاقبوز ئاتىنى مىنىپ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ دۈشمەنلەرنى قىلىچ بىلەن چاپقان ۋاقتىدا، دۈشمەنلەر نامان توخنىيازغا قارىتىپ قانچىلىغان ئوقلارنى ئاتقان بولسىمۇ، بىر تالمۇ ئوق تەگمىگەن. شۇڭا بۇ ئادەمنى ئاق ئاتلىق ئەۋلىيا ئىكەن دەپ قورقۇپ كېتىپ قورال تاپشۇرۇپ،

① شىڭرىن — ئەۋلىيا بار ئىكەن دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوزغىلاڭچىلارغا ئەل بولماقچى بولۇپ، ئۈچ كۈن قورال تاپشۇرۇپ ئېلىشنى كۈتكەن، قوزغىلاڭچىلار بارمىغاندىن كېيىن دۈشمەنلەر ئەس-ھوشىغا كېلىپ يەنە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئۈچ-قۇرغول بېشىدىكى جەڭدىن كېيىن بوكۈندۈنىڭ ئىسمىنى خەلق قالماق كۆندۈ دەپ ئاتىدى. بۇ ئىسىم نامان توخنىياز ئۆلتۈرگەن توققۇز قالماق چېرىكىنىڭ ئۆ-لۈكى مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇلغان.

## نىرىنكەردىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش دابىڭ (چوڭ قوشۇن) نى يوقىتىش ئۇرۇشى

يۇقىرىدا خې ۋە جاڭ تۇەنجاڭلارنىڭ يېڭىلگەن قوشۇنى شيوچەنگە چېكىنىدى دېگەنىدۇق. دۈشمەنىنىڭ 2500 كىشىلىك چوڭ قوشۇنى شيوچەندە جاڭفاڭ ئىچىگە سولۇنۇپ نەچچە كۈنلەر ياتتى. بۇنىڭ سەۋە-بى: قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلىۋالغانىدى. ئۇلار ھېچقانداق چارە تاپالماي مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە سولۇنۇپ قالغانىدى. قوزغىلاڭچىلار ئاراتۇرۇ[illegible] ئالتى يۈرتنىڭ پالۋانلىرىغا ئالاقە ئەۋەتىپ ئۇلارنى[illegible] كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. شۇنداقلا قۇمۇلدىكى ماجۇڭ[illegible] يىڭدىن ياردەم سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. تۆت كۈندى[illegible] كېيىن ئاراتۇرۇك ئالتى يۈرتتىن 300 ئادەم ئۇرۇ[illegible] مەيدانىغا جەم بولدى. ماجۇڭيىڭنىڭ 200 خۇيز[illegible] ئەسكىرىنى ئىمىن دىراقۇل باشلاپ چىقتى. جەمئى [illegible]

نەپەر قوراللىق ئادەم يىغىلىپ جەددىي ئۇرۇش چەلانى
تۈزدى. ئاخىرى دۈشمەنگە مۇنداق ھىيلە تەشلىتىپ
ئۆزىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى: 200 خويزۇ
ئىمىن مىرافىزل ماجۇڭيىڭدىن كەلگەن خېتى دەنجاڭ
ئەسكەر بىلەن قىزىل بايراق كۆتۈرۈپ، كىرىپ
لارغا ياردەمگە كەلگەن قوشۇن قىياپىتىگە كىرىپ،
شىلىشمىسى ئەسكەرىنىڭ خەۋەرلىشىش كادىرىنى
چىلىپ، شىوچەندىكى خېتۈەنجاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭ-
ماقچى بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شىمالىي
تاغقا قاراپ قاچقان بولۇپ ماڭغانىدا،
ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئۇلارغا قارىتىپ يالغاندىنلا
ئوق ئاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ خېتۈەنجاڭلار تىلىڭ قوشۇ-
نىغا يېقىنلاپ بېردۈپلىپ، ھوجومغا ئۆتمەكچى بولىدۇ.
دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدىن يوقاتسا، قاچقانلىرىنى
قوزغىلاڭچىلار يوقاتماقچى بولىدۇ. مۇشۇ پىلان بويىچە
1931 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى رەسمىي ئۇرۇشنى
باشلاپ، قوزغىلاڭچىلار شىوچەننىڭ غەربىي تەرىپى
بىلەن شىمالىي تاغ تەرەپكە (تامىلىق دېگەن يەرگە)
قاچقان بولۇپ ئات چاپتۇرۇپ ماڭىدۇ. خويزۇ قوشۇن
ئۇلارنى قوغلىغان بولۇپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ،
دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەتراپىغا 1000 مېتىردەك يېقىنلاپ
كېلىپ، خەۋەرلىشىش كادىرىنى چالىدۇ. دۈشمەن قو-
شۇنى ئۇلارنى بىزگە قومۇلدىن ياردەمگە چىققان ئەس-
كەرلەر ئىكەن دەپ خويزۇلارغا قارىتىپ ئوق ئاتمايدۇ.
ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا
باشلايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خويزۇ ئەس-

يەرلەر دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ دەرھال قىلىچۋازلىقا كىرىشىپ، خې تۈەنجاڭ قوشۇنىنى قىرىشقا باشلايدۇ. دۈشمەنلەر ئالاقزادە بولۇپ، بىر بۆلىكى سىرتقا قاراپ قاچىدۇ، بۇلارنى قوزغىلاڭچىلار قىرىشقا باشلايدۇ، ئىككى - ئۈچ سائەتتەك جەڭ قىلىش جەريانىدا دۈشمەن ئەسكىرىدىن 800 دەك چېرىك ئۆلتۈرۈلىدۇ. 700 دەك چېرىك يارىدار بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا، خې تۈەنجاڭ ئاشپەز چاپىنىنى كىيىپ ئاشخانىغا كىرىۋالغان ئىكەن. بىر ئاشپەز ئەسكەر كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ئەسىرگە چۈشىدۇ. خې تۈەنجاڭنى قالغان ئەسكىرىنى تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق قىلىشقا قىستىغاندىن كېيىن، ئۇ تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرۇڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1000 دەك ئەسكەر تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرىدۇ. خۇيزۇ قوشۇنى خې تۈەنجاڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، نومىلۇق سالى دورغا كېپىل بولۇپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. جاڭ تۈەنجاڭنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. سالى دورغا: «خې تۈەنجاڭ كىچىك نومىنىڭ جىڭدە دېگەن يېرىدىن چېكىنىپ بارىكۆلگە كېتىپ قالغان، ئەسلىدىن نوم قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتى يوق ئىدى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، سالى دورغىنىڭ مۇشۇ گۇۋاھلىقى بويىچە خې تۈەنجاڭ ئۆلتۈرۈلمىگەن. تەسلىم بولغان 1000 ئەسكەرنىڭ قورالىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قويۇپ بەرگەن، خې تۈەنجاڭ باشلىق بارلىق ئەسكەرلەرنى بارىكۆلنىڭ تىنچلىق بىلەن ئېل بولۇشىغا كېپىللىك قىلدۇرغانلىقى، توغرى-

سىدا قەسەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قوزغىلاڭچى پالۋانلار قوغداپ، تىنچ ـ ئامان بارىكۆلگە ئاپىرىپ قويغان. كېيىن قوزغىلاڭچىلار بارىكۆلگە باستۇرۇپ بارغاندا، خې تۇەنجاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بارىكۆل تىنچلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇپ بېرىپ خوجىنىياز هاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا ئەل بولغان. شيوچەن ئۇرۇشىدا غەنىيمەت ئېلىنغان نەرسىلەر: 1000 تال مىلتىق، تاپانچا 20 دانە، پىلىموت 20 دانە، كەخوبۇ داپو ئىككى دانە، بۇبىڭفۇ ئالتى دانە، نورغۇن ئوق، ئات، تۆگە قاتارلىقلار تېزىمغا ئېلىنىدى.

### 3) تۇركۆلنىڭ چىغلىق كۆندۈ دېگەن يېرىدىكى ئۇرۇش

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئېرىدىكىردىكى «دابىڭ» ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت خەۋىرى جىمن شۇرىنگە يەتكەندىن كېيىن، شىڭزىخوي (شىڭشىسەي) نى 2000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن قۇمۇل، ئاراتۇرۈك دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋاقىتلارئىدى. شىڭزىخوي ئەسكەرلىرى بارىكۆلنى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋېلىپ، سەنتاڭخو ئارقىلىق نومغا بېسىپ بارىدۇ. نوم، ئاداق خەلقى شىڭزىخوي ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدىن قورقۇپ كېتىپ يۇرت، ماكانلىرىنى تاشلاپ، ئالتۇن كۆندۈ، لوقاق كۆندۈ دېگەن تاغلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېچىپ چىقىپ يوشۇرۇنىدۇ. شىڭزىخۇي 300 د
ئەسكەرنى باشلاپ نوم، ئاداقلارغا باستۇرۇپ بېرىپ
خەلقلەرنىڭ تام ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ نۇرغۇنلىغان
ئۆي - مەسچىتلەرنى كۆيدۈرۈپ خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ.
ئاندىن خەلقلەرنى قوغلاپ تاغقا چىقىپ يوقاتماقچى
بولۇپ، ئاقتىكەن بۇلاق دېگەن يەرگە كېلىپ جاڭگاك
تىكىپ ماكانلىشىدۇ. ئەتىسى ئەسكەرنى باشلاپ لوقاق
كۆندۈگە قاراپ يولغا چىقىپ، چىغلىق كۆندۈنىڭ تار-
لىغان يېرىگە يېتىپ بارغاندا، تۇركۆل، ئاداق پالۋان-
لىرىدىن 17 نەپەر داڭلىق پالۋان شامەمەت دېگەن
باتۇرنىڭ باشلامچىلىقىدا، دۈشمەنگە
ئۇشتۇمتۇتلا تاغ بېشىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەن كۆن-
دۈ ئىچىگە سولۇنۇپ قېلىپ، ئالاقزادە بولۇپ تەمتى-
رەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى موڭغۇل ئەسكەر بول-
غاچقا تاغ ئۇرۇشىنىڭ قائىدىسىنى ئازراق بىلگىنى-
ئۈچۈن تاغقا قاراپ پالۋانلارنىڭ جايلىشىۋالغان يې-
رىنى بايقىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ شىددەتلىك قاي-
تارما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. پالۋانلار ئاز بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايى ئۇرۇش قىلىشقا بەكمۇ
قولايلىق ئىدى. بۇ خىل ياخشى شارائىتتىن پايدىلى-
نىپ چاقماق تېزلىكىدە ئىككى ياندىن يامغۇردەك ئوق
ياغدۇرىدۇ. ئىككى سائەتتەك جەڭ داۋام قىلىدۇ. دۈش-
مەننىڭ 40 چېرىكى يەر چىشلىگەندىن كېيىن شىڭزى-
خۇينىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي بە-
دەر قاچىدۇ. قوزغىلاڭچى پالۋانلار 40 تال گاڭچاڭ

لورغۇن ئوق ۋە ئاتلارنى غەنىيمەت ئالدۇ، شىڭ زىـ
خۇي باركۆلگە قايتىپ كېتىدۇ.

## 4) تۇركۆللۇك باقىنىيازدورغا باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان دازىڭو، تۆۋەن ئەرغايتى ئۇرۇشلىرى

1933 - يىلى قىش ۋاقىتلار ئىدى. شىڭ زىخۇي 1000 دەك ئەسكىرى بىلەن ئاراتۇرۇك قوزغىلاڭچىلىرىـنى يوقىتىش ئۈچۈن دازىڭو دېگەن يەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتىدا تۇركۆلدىن باقىنىياز دورغىنىڭ باشچىلىقىدا تۆلەك توختى، بەردم كۆسۇ، شامەمەت پالۋان، كۆنەك غوجى قاتارلىق يەتتە نەپەر پالۋان بىـلەن دازىڭونى توساپ ئۇرۇش قىلىدۇ. دۈشمەن ئەسـكىرى كۆپ بولغىنى بىلەن ئۇلار تۈزلەڭلىكتە بولۇپ ئۇرۇش شارائىتى ئۇلارغا قولايسىز ئىدى. باقىنىياز دورغا يەتتە ئادەم بولغان بىلەن، ئېگىزلىكتە بولۇپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە قولايلىق ئىدى. شۇڭا دۈشـمەنلەر بىر قەدەممۇ ئىلگىرلىيەلمىدى. بىر دەقىقەجەك قىلىش جەريانىدا دۈشمەننىڭ ئالتە ئەسكىرى ئۆلتۈـرۇلدى. دۈشمەنلەر چېكىنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ باقىنىياز دورغىلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ مۇھاسىـرىگە ئېلىۋالدى. باقىنىياز دورغا ئاتقا مىنىپ يەتتە پالىۋاننى باشلاپ دۈشمەنگە قاراپ ئات چاپتى. دۈشـ

www.uyghurkitap.com

مەنلەر ئۆزىنى رۇسلاپ ئوق ئاتقىچە دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ ساق - سالامەت تۇركۆلنىڭ ساسىق دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەندە دۈشمەنلەر ئاتلىق قوغلاپ يېتىشىۋالدى ھەم ئىككى قاناتتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. باقىنىياز دورغا ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئوڭ قاناتتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ باتۇرىنى بىر ئوق بىلەنلا تىكموللاق چۈشۈرۈپ ئۆلتۈردى. سول قاناتتىن ئات سېلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ باتۇرىنى تۆلەك توختى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئىككى باتۇرىنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئارقىسىغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## 5) تۆۋەن ئىرغايىتىدىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باقىنىياز دورغىنىڭ باتۇرلۇقى

1933 - يىلى شىڭ زىخۇي قومۇلدىن تۆمۈرتى دېگەن يەرگە چىقىپ تەنسەن خەلقىنى قىرماقچى بولۇپ، تۆۋەن ئىرغايتى دېگەن يەردە مۆكۈنۈپ ياتقان خەلقلەرنى مۇھاسىرە ئاستىغا ئېلىۋالىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئەسكىرى 1000 دەك بار ئىدى.

بۇ خەۋەر باقىنىياز دورغىغا يەتكەندىن كېيىن، باقىنىياز دورغا چاقماق تېزلىكىدە ئاتلىنىپ، يۇقىرىقى 7 نەپەر پالۋاننى ئەگەشتۈرۈپ، تۆۋەن ئىرغايىتىگە يېتىپ بېرىپ ئېگىز تاغنىڭ بېشى بىلەن دۈشمەن سېپىگە

يېقىن بېرىپ هۇجۇم قىلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە 10 نەچچە چېرىكنى ئۆلتۈردۈ. شىڭزىخۇينىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، قوراي دېگەن يەرگە چېكىنىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ باقىنىياز دورغا تۆمۈرتىلىك سىنىپىي قېرىنداشلىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان.

باقىنىياز دورغا ئۆزى ئورۇق، جىۋەككىنە (پاكار مەنىسىدە) ئادەم بولغىنى بىلەن ئايىغى يېنىك، ئورۇشتا قەيسەر، جىگەرلىك ئادەم ئىدى، ئۇ ئادەم قاتناشقان ئورۇشلار غەلىبىگە ئېرىشمەي قالمايتتى. تاغلارنىڭ ئىچىدە پىيادە يۈگۈرۈپ كەتسە ئات مىنگەن كىشىلەرنىمۇ يېتىشتۈرمەيتتى. باقىنىياز دورغىنىڭ چاققانلىقىدىن پالۋانلار ئېگىزلىكلەردىكى ئابرۇنلارنى دۈشمەنلەردىن بۇرۇن ئىگىلىۋالاتتى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن ئادەم ئۆلمىدى. 4 نەپەر ئادەم يارىلىق بولدى. بۇلار توخسۇن قورمال، ھەزەك مەمەتنىياز، موللا سالى، كاسىن ئاسىپلەردىن ئىبارەت. باقىنىياز دورغىنى مەدھىيىلەپ خەلقلەر مۇنداق قوشاق قوشقان.

دۈشمەن ئاتىدۇ تاشقا،
پالۋان ئاتىدۇ باشقا.
باقىنىياز دورغىنى ياندۇرۇۋالاق،
يىگىرمە ـ ئوتتۇز ياشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9. خوجىنىياز هاجىنى ئاراتۇرۇك دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاش

1932 - يىلى قىش ۋاقىتلار ئىدى. شىڭزىخۇي قۇمۇلنى بېسىۋېلىپ، قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن شارلار تېغىدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز هاجىنى قۇمۇلغا چىللاپ ئەلچى چىقىردى. ئۇنىڭ مەقسىتى: خوجىنىياز هاجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دېهقانلار قوزغىلىڭىنى تىنچلىق ئارقىلىق ئۆزىگە ئەل قىلىپ، بۇ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرماقچى. خوجىنىياز هاجى شىڭزىخۇينىڭ بۇ هىيلىسىنى ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئەلچىلىرىنى قايتۇردى. ئۆزى هەم قۇمۇلغا چۈشمەيدۇ. شىڭزىخۇي ئىككىنچى قېتىمدا قۇمۇلدىكى ئاخۇنۇملارنى ئەلچى قىلىپ چىقىرىپ مۇنداق ۋەدە بېرىدۇ: «خوجىنىياز هاجى قۇمۇلغا كەلسە بىز هېچقانداق زىيانكەشلىك قىلمايمىز» دېگەن.

خوجىنىياز هاجى شىڭزىخۇينى ئىشىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن قۇمۇلغا چۈشىدۇ. شىڭزىخۇي بىلەن بەيۇنجاۋلار خوجىنىياز هاجىنى قۇمۇلدا تۇتۇۋېلىپ، تاغقا قايتىشقا يول قويمايدۇ. ئۇلار

ئاراتۇرۇك قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەل بولۇپ قورال تاپ-
شۇرۇشى ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجى نامىدا خەت بىلەن
ئەلچى چىقىرىدۇ. ئاراتۇرۇك پالۋانلىرى شىڭزىخۇي-
نىڭ ئەلچىلىرىگە ئادەم قوشۇپ خەت يېزىپ قومۇلغا
چۈشۈرىدۇ. مەقسىتى: خوجىنىياز ھاجىنىڭ بار - يوق-
لۇقىنى، تىرىكلىكىنى بىلىپ ئالاقە قىلىش ئىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنى: «بىز تاغدىكى پالۋانلار خو-
جىنىياز ھاجىنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگۈچە ئەل بولمايمىز،
سىلەر خوجىنىياز ھاجىنى ئالدى بىلەن قويۇپ بېرىڭ-
لار» دېيىلگەن. شىڭزىخۇي بىلەن بەيۇدىنجاۋ مۇزا-
كىرىلىشىپ خوجىنىياز ھاجىنى تاغقا ئۆزلىرى بىللە
ئېلىپ چىقىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئەل قىلماقچى بولىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن 200 ئەسكەر خوجىنىياز ھاجىنى يالاپ
تاغقا ئېلىپ ماڭىدۇ. تاغدىن چۈشكەن ئەلچىمۇ خو-
جىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى
شىڭزىخۇيغا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ تاغقا قايتىپ
چىقىدىغانلىق خەۋىرىمنى تاغدىكى پالۋانلار ئالدىدىن
بىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلساڭلا ئۇرۇش بولمايدۇ،
ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار قوزغىلاڭچىلار يول توسۇپ
ئۇرۇش قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ پىكىرگە دۈشمەنلەرمۇ ماقۇل
بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدىكى ئەلچىنى خەت
ئېلىپ ئالدىدىن تاغقا قايتىشنى ئېيتىپ خوجىنىياز
ھاجىنى خەت يېزىپ ئەلچىنى ماڭغۇزغىن دەيدۇ.
خوجىنىياز ھاجى خەت يازمايلا ئەلچىگە مۇنداق
تاپىلايدۇ: «مەن كۆمىگۈزىنا بارغاندا ئات چاپتۇرىمەن.

تاغ پالۋانلىرى كۆمېگىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىدىن دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ مېنى دۈشمەندىن ئايرىۋېلىڭلار» دەپ تاغقا ماڭدۇردۇ. بۇ خەۋەرنى ئەلچى ئېلىپ چىقىپ تاغ پالۋانلىرىغا يەتكۈزگەن ئىدى. پالۋانلار خوجىنىياز دۈشمەنگە بىزنى يەم قىلماقچىمۇ؟ كۆمېگىزا ئۇرۇش قىلىشقا ئەپسىز جاي، بىز خوجىنىيازنىمۇ ئايرىۋېلىشقا مۇمكىنچىلىكى يوق دەپ كۆمېگىزىغا بارمايدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى يوق ئىدى. خوجىنىياز ھاجىنى يالاپ كۆمېگىزىغا يېتىپ چىققاندىن كېيىن خوجىنىياز باھانە قىلىپ قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىراق بېرىپ چوڭ تەرەت قىلىۋالاي دەپ ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلەپ ماڭىدۇ. ئەمما ھېچ قەيەردىن يا ئادەم، يا ئوقشەپىسى بولمىغاندىن كېيىن چوڭ تەرەت قىلغان بولۇپ ئولتۇرىدۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن كەلگەندىن كېيىن سۇمۇستانغا بېرىپ ياتىدۇ. ئەتىسى خوجىنىيازغا ئىككى ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ، (بۇ ئادەملەر قىزىل دالىڭ بىلەن بوبۇرا دېگەنلەر ئىدى) قوزغىلاڭچىلار جايلاشقان تاملىق دېگەن جايغا ئەۋەتىدۇ. بۇلار تاملىققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر ئادەمنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ مۇنداق دەيدۇ. (خوجىنىياز) «سىلەر مېنى خائىن دەپ قول-پۇتۇمنى باغلاپ، ئۇرۇپ ھەيۋە قىلىپ، قىزىل دالىڭ بىلەن بوبۇراغا سىر كۆرسىتىڭلار» دەيدۇ. تاملىقتىكى قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول - پۇتلىرىنى باغلاپ ئۇرۇپ يالغاندىنلا ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنى

كۆرگەن يۇقىرىقى ئىككى ئەلچى خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلتۈرمىسەڭلار، بىز ھەم كەتسەك، دېگەندىن كېيىن ئۇلارنى قايتۇرىۋاتىدۇ. خوجىنىيازنى ئەلچىلەردىن ئايرىپ ئېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرت قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى تامىق دېگەن يەردە دېھقانلار قوزغىلىڭىدا باشلىق سايلاش سايلىمى ئېلىپ بارىدۇ. ھەر خىل پىكىر كۆز - قاراشلارمۇ بولىدۇ. ئاراتۇرۇكتىكىلەر ئابدىنىياز ھىراپنى نامزاتلىققا كۆرسىتىدۇ. تۇركۆل خەلقى باقىنىياز دورغىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىدۇ. نوم - ئاداق خەلقى سالى دورغىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر قىسىم خەلقلەر خوجىنىياز ھاجىنى ھەم شوپۇللۇق سالى دورغىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ خىل تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئەلچىسى جاڭسىن دورغا، لوپسۇن دورغىلارمۇ بارىدى. جاڭسىن دورغا مۇنداق دېدى: «بىر ماشىنا يولدا كېتىۋاتقان ئىكەن، يول ئىچىدە ئىككى باشلىق بىر ئىلان ياتقان ئىكەن، ئۇ قاچماقچى بولۇپ ماڭغاندا ئىككى بېشى ئىككى تەرەپكە مېڭىپ تارتىشىپ قېلىپ يولدىن چىقىپ كېتەلمەي ماشىنا ئىلاننى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىر كۈنى بىر ماشىنا كېتىۋاتقان ئىكەن، يولنىڭ ئىچىدە ئىككى قۇيرۇقلۇق بىر باشلىق ئىلان ياتقان ئىكەن، ماشىنا كەلگىچە بىر باش ئىككى قۇيرۇقىنى ئېلىپ يولدىن چىقىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ. مۇشۇ مىسالغا ئاساسلانساق باشلىق بىر بولسۇن، قالغانلار تايانچى بولۇڭلار» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سېغىنىشتۇرۇپ كۆرۈپ خوجىنىياز ھاجىنى قوزغىلاڭچىلار-
نىڭ بىرىنچى باشلىقى قىلىپ سايلىدى. شوپۇللۇق
سالى دورغىنى ئەسكەر باشلىقى قىلىپ سايلايدۇ. ئاب-
دىنىياز مىراپ، باقىنىياز دورغا، نوملۇق سالى دورغى-
لار يېقىن مەسلىھەتچىلەردىن بولۇپ، قوزغىلاڭنىڭ ئوت
ياڭقۇنىنى قومۇل، ئاراتۈرۈك دىيارىغا تۇتاشتۇردۇ.

## 1) خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئاراتۈرۈك ناھىيە ئورنىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش

1932 - يىلى قىشلىقى شىڭزىخۇيىنىڭ ئەسكەرلە-
رى 1000 دەك ئادىمى بىلەن شوپۇل ئارقىلىق ئارا-
تۈرۈككە باستۇرۇپ كېلىپ ئاراتۈرۈك ناھىيە ئورنىنى
بېسىۋالدى. بۇنى خوجىنىياز ھاجى ئاڭلاپ 200 دەك
پالۋان بىلەن كېلىپ ئاراتۈرۈك شار ئۆيلەردە بىر قې-
تىم قانلىق جەڭ قىلدى. دۈشمەنلەر ئاراتۈرۈك شار
ئۆيلەرنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى تاغ باشلىرىنى ئې-
گىلىۋالغانىدى. خوجىنىياز ھاجى سىرتتىن ھۇجۇم قىلى-
غاچقا ئۇرۇش شارائىتى بەك قولايسىز ئىدى. شۇنداق-
تىمۇ خوجىنىياز ھاجى پالۋانلارغا ئۆزى بىۋاسىتە قو-
ماندانلىق قىلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر كۈن قاتتىق
جەڭ بولىدۇ. بىز تەرەپتىن بەش نەپەر ئادەم شېھىت
بولىدۇ. (ئۇلار، شانى ئېلىم، نازىمەت غوجىمەت، ئا-
خۇنزادە، ھېيىت ھاجى، بەرەم شانىيازلار ئىدى) دۈش-
مەن تەرىپىدىنمۇ نۇرغۇن ئەسكەر ئۆلگەن. ئەمما ئۇ-

لار شەھەر ئىچىدە بولغاچقا ئۆلۆكلەردىنى كۆمۈپ سې-
لىپ كېچىسى قېچىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئېنىق سانىنى
بىلالمىدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە قوزغىلاڭچىلار ئۇرۇشقا كەلسە
دۈشمەنلەر ئالمىقاچان قېچىپ شوپۇل تەرەپكە كېتىپ
قاپتۇ. ئارقىسىدىن قوغلاپ سەگگى داۋاندىن ئۆتكۈزۈ-
ۋېتىپ، يېتىشەلمەي پالۋانلار قايتىپ كەلگەن.

## 2) خوجىنىياز ھاجىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەدىن ياردەم سورىشى

خوجىنىياز ھاجى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تولۇق
غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇل، ئاراتۈرۈك قوز-
غىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىش كەمچىللىك قىلى-
دىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن
مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى تە-
لەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىشنى لايىق تاپىدۇ. بىرىنچى
قەدەمدە ئۈچ ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئىك-
كى نەپىرى موڭغۇل ئىدى (ئىسمى ئېنىق ئەمەس).
بىر نەپىرى قازاق بولۇپ ئىسمى ئاباي ئىدى. بۇلار
ياردەم بېرەشكە قوشۇلدى دەپ قايتىپ چىققاندىن كې-
يىن ئىككىنچى قەدەمدە ئالتە ئادەمنى ئەلچى قىلىپ
ئەۋەتىدۇ. (بۇلار نوملۇق سالى دورغا، قۇمۇللۇق يۇس-
مانباي، ئىسمايىل ھاجى، ئوسمانشا، يولبارس، ئەسە-
مەتباخۇنلار) دىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار موڭغۇلىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېرىپ، ئەھۋالنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىزنىڭ قوزغىلىڭىمىزنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جاڭسىن، لوپسۇن دېگەن دورغىلارنى سىياسىي جەھەتتىن مەسلىھەتچىلىككە بەلگىلەيدۇ. ئىقتىساد ۋە قورال جەھەتتىن تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى بېرىدۇ.

70 تال شۇيلەنجۇ (چىلوئېر) مىلتىق، 20 ساندۇق ئوق، 500 تور پاختىلىق كىيىم، 600 كىشىلىك چىگىرىسىن ئۆتۈك، 1000 ياقا يامغۇرلۇق چاپان، 500 كىشىلىك تېرە جۇگا قاتارلىق نەرسىلەرنى بەردى. ئۈچىنچى قېتىم ياردەم سوراپ سالى دورغا بارغاندا 100 تال گاڭچاڭ، نۇرغۇن ئوق ۋە قوغۇشۇن، مىلتىق دورىسى قاتارلىق كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ياردەم قىلىدۇ. بۇلىگەدىن سىرت 30 نەپەر ياش ئۇيغۇرنى ماشىنا شوپۇرى قىلىپ تەربىيىلەپ بەرگەن. بۇلاردىن ئازادلىقتىن كېيىن مىللىي ئارمىيىدە ماشىنا ھەيدىگەن تالىپ ھاجى، قاتناش نازارەت تەۋەسىدىكى سەمەت ئاخۇنلار ھازىرمۇ بار. خوجىنىياز ھاجى موڭغۇلىيىنىڭ يۇقىرىقىدەك ياردەملىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا تۇتاشتۇرىدۇ. بىراق كېيىنچە ماجۇڭيىڭنى چاقىرتىپ چىقىپ بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن موڭغۇلىيە تەرەپ رەنجىپ، بېرىدىغان ياردىمىنى توختىتىۋالدى. ھەمدە بىزگە ياردەمگە چىققان، جاڭسىن، لوپسۇن دورغىلارنىمۇ قايتۇرۇپ كەتتى.

كېيىنچە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ، يول-

بارس قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيـ
لىدىن بەزى ئىختىلاپلار يۈز بەردى. مانا مۇشۇنـداق
ئىشلار سەۋەبىدىن دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئىـ
چىدە تارقاقلىق، بىخوتلۇق ئىشلىرى سادىر بولـغانـ
لىقتىن شىڭزىخۇي دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى بىر
قېتىم زور پاراكەندىچىلىككە ئۇچراتتى.

### 3) 1933-يىلى 11-ئايلاردا شىڭ زىخۇي 1000 دەك ئەسكىرى بىلەن كېلىپ نوم خەلقىنى پاراكەندىچىلىككە سالغىنى

شىڭزىخۇي بەك زالىم، مۇستەبىت، مىلىتارىست
ئەمەلـدار ئىدى. ئۆزىنىڭ ۋەھشى ياۋۇزلىقىنى ئىشقا
سېلىش بىلەن 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ (كونـىچە
11 - ئاي) ئاخىرى قۇمۇلغا كەلدى. قۇمۇلدىكى بىشىر
ۋاڭ بارلىق ئەۋلادلىرى بىلەن تاغقا قېچىپ چىقىـپ
نوم ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىگە قاچتى. قۇمۇل خەلـ
قىدىنمۇ بىر قىسىم ئۇلاق - ھارۋىسى ياخشىراق بولـ
غانلارمۇ بىشىرۋاڭغا ئەگىشىپ بىللە قېچىپ كەتتى. بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاداق خەلقى تاغقا قاچتى. نوم خەلـ
قى تاشقى موڭغۇلىيىگە قاراپ قاچتى. شىـڭزىـخۇي
قاچقان خەلقلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. نومـ
دىكى پالۋانلار بولسا كىچىك نومنىڭ يولىنى توسۇپ،
شىڭزىخۇينىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بەختـكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارشى ھېيلىگەر، تۆلكە شىنجاڭزەخۇي كىچىك نوم يولى بىلەن ماڭماستىن، ئاداق يولى بىلەن مېڭىپ، ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، نومغا بېرىپ، يۇرتتىكى ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈپ سېلىپ، نوم خەلقىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ، تەمەنچۈلۈ (تۆگەتاش) دېگەن يەرگە يېتىپ چىققان خەلقلەرگە باستۇرۇپ بېرىپ، يەتتە نەپەر ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. (بۇلار: تۆلەك بوۋا، ئايالى، بىر قىزى بولۇپ ئۈچ ئادەم، ھاشىر بوۋا، ئايالى، بىر قىزى ئۈچ ئادەم، قۇربان دېگەن بىر ياش بالا) تىرىك تۇتۇۋالغان ئادەملەر: ئىبراھىم ئۇستا ئائىلىسى بىلەن 10 ئادەم، زىۋەرخان موما بىر قىزى بىلەن ئىككى ئادەم، جەمئىي 12 ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى.

شىنجاڭزەخۇينىڭ ياۋۇز ئەسكەرلىرى خەلقنىڭ ئېلىپ كېتەلمەي تاشلاپ كەتكەن ياغاچ ھارۋىلىرىدىن 40 - 50 نى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇ قېتىمقى زور پاراكەندىچىلىكتە، قاراڭغۇ كېچىدە يولدىن ئېزىپ تاغ - ئېدىرغانلار ئىچىدە قېچىپ يۈرگەن خەلقلەردىن سوغۇقتا بەش نەپەر ئادەم مۇزلاپ ئۆلدى. بۇلار ھېنىپەخان موما، ئىمىنىخان، مىلىخان بىر قىزى بىلەن، قورسىقىدا بىر بالىسى بولۇپ بەش ئادەم ئىدى. شىنجاڭزەخۇي نومغا قايتىپ كېلىۋاتقىچە ئىككى نەپەر پالۋان ئۇقۇشماسلىقتىن شىنجاڭزەخۇينىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭزەخۇي نومدا قەپ قالغان خەلقنىڭ ئات، كالا، تۆگە قاتارلىق 300 دەك چوڭ چارۋىسىنى بۇلاپ كەتتى. بۇلار شۇ ماڭغىنىچە

تۇركۆلنىڭ ئاقىنىكەن دېگەن يېرىگە چىقىپ چۇشكۇن قىلىپ، نومدا تىرىك قولغا چۇشۇپ قالغان توخسۇن دېگەن پالۋاننى يالىڭاچ قىلىپ بەدىنىگە ياغنى قاينىتىپ چاچقان، پۇتلىرىغا مىخ قاققان، بۇنى ئاز دەپ ئاخىرى پۇتىدىن باشلاپ سىم تاناپنى چىرماپ مەيدىسىگىچە چىققاندا كۆزلىرىدىن قانلار ئېتىلىپ چىقىپ جان ئۈزىدۇ. شىڭ بۇ يەردە تۇرغاندا تۇركۆل خەلقىدىنمۇ نەچچە ئۆيلۈك ئادەمنى تۇتۇپ كېتكەن. نوم، تۇركۆلدىن تۇتۇۋالغان ئادەملەرنى بارىكۆلگە بارغىچە هايۋان ئورنىدا خار قىلىپ، بارىكۆلدىن كېتەر ۋاقتىدا بويىغا يېتىپ قالغان ئىككى نەپەر قىزنى ئېلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ هازىرغىچە خەۋىرى ياكى ئىز دېرىكى تېپىلمىدى. قالغان ئەدەملەرنى بارىكۆلدە تاشلىۋەتكەن. بۇ ئادەملەر ھىك جاپالارنى تارتىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاراتۇرۇكتىكى بىر قانچە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا

## 1) شوپۇللۇق سالى دورغا

سالى دورغىنىڭ ئاتىسى بوسۇق دورغا دېگەن كىشى بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ شوپۇل دېگەن يۇرت-تىكى چارۋا باشقۇرغۇچى دورغىسى ئىدى. بوسۇق دور-غا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭلىقتىن ئۇنىڭ ئوغلى سالىنى شوپۇلغا دورغا قىلىپ بەلگىلىگەن.

سالى دورغا 1887 - يىلى شوپۇلدا تۇغۇلغان. 1926- يىلى 38 ياش ئەتراپىدا دورغا بولغان. شۇ يەردىكى چوڭ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر سالى دورغا كەڭ قورساق، تۈز كۆڭۈل، شۇنداقلا ھەر قانداق ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ ئىشنى ئادىل بېجىرىدىغان خەلقچىل كىشى ئىدى دېيىشىدۇ. ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇرا-ھال ئىدى. 20 مودەك سۇلۇق يېرى 50—60 تەك قوي، ئۆچكىسى، 6 دانە ئات، 10 باشتىن ئارتۇق كالا، 4—5 تەك تۆگىسى بار ئىدى.

سالى دورغا 1931 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى-نىڭ دەسلەپكى باشچىلىرىدىن بولۇپ قوزغىلاڭغا باش-تىن - ئاياغ ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇ ئاراتۇرۇكتىكى دېھ-

قانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا باشچى ئىـدى. كېيىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن بىرلەشكەندە قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى خوجىنىيازھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ، ئىنقىلاب ئۇتىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇردى. كېيىن خوجىنىيازھاجى شىڭشىسەي بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭغا مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا سالى دورغىنى ئاقسۇغا دوتەي قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ ئاقسۇغا دوتەي بولغان بىر نەچچە يىل ئىچەدە، ۋالىي دېگەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ئادىللىق بىلەن ئىش بېجىرىپ، خەلققە بىرمۇنچىلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

شىڭشىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرىنى تۇتۇپ باستۇرغان مەزگىللەردە يەنى 1937 ـ يىللاردا سالى دورغىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غوللۇق باشلىقى دەپ تۇتۇپ قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ كۆپ قېتىم قىيىن قىستاق ئاستىدا سوراق قىلىنىپ 1942 ـ يىلى كۆزدە شىڭشىسەي سىغىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

سالى دورغىنىڭ ئاراتۈرۈك دېھقانلار قوزغىلىڭىغا باشلامچى ۋە تەشكىلاتچى بولۇشتىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. جىن شۇرېننىڭ قۇمۇلدىكى سادىق غالچىسى لىيۇسىجاڭ ۋە بەيۋىنجاۋ شوپۇلدىكى دېھقانلارنى تېرىلغۇ يەرلىرىنى خوغا (يەر ھەققى تاپشۇرۇشقا ئەنگە) ئالدۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـمىدىگىلار دېگەن باھانە بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ تېرـ
ۋاتقان يەرلىرىنى خەنزۇ كۆچمەنلەرگە ئېلىپ بەرگەن.
شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار يەرسىز قېلىپ كۈندىن ـ كۈنگە
نامراتلىشىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشتە قىيىن ھالغا چۈشۈپ
قالغان. ھەتتا بەزىلەر خەنزۇ خوجالارنىڭ يالللىقچىـ
سىغا ئايلىنىپ قالغان. خەلق تېرىلغۇ يەرلەرنى خوغا
ئالدۇرماسلىقنىڭ سەۋەبى، بۇرۇندا قومۇل ۋاڭى ئاراـ
تۈرۈك ئۇيغۇرلىرىنى ھەم پۈتۈن يەر زېمىنلىرىنى ئۆز
ئىگىدارچىلىقىدا باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يەرلەردىن
چىققان مەھسۇلاتنى ۋاڭلىق ئالاتتى، ئاخىردا خەلقـ
لەرنىڭ ۋاڭلىقنىڭ بۇ ئېغىر زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشىنى
مەقسەت قىلىپ خامىتىڭغا يەرلەرنى خوغا ئالدۇرىمىز
دېگەن تەلەپنى بېرىدۇ. بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانـ
دىن كېيىن خامىتىڭنىڭ باشلىقى بەيۋىنجاۋ دەرھال خو
ھەققىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن. مەسىلەن، قومۇل، بارىكۆلدىكى
خەنزۇلارنى باشقۇرغان مەزگىلدە بىر خو يەرنى (100مو)
4—5 سەر كۆمۈشكە خوغا ئالدۇرۇپ بەرگەن. كېيىن
ئۇيغۇرلار خوغا ئالدۇرماقچى بولغاندا بىرخو يەرگە 30
سەردىن كۆمۈش بېرىشنى بەلگىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن
خامىتىڭنىڭ باشلىقى (يەنە بىر ئېيتىمشلاردا ليۇسىجاڭ
دەپتۇ) بەيۋىنجاۋ سالى دورغىنى قومۇلغا چاقىرتىپ 10
كۈن قاماپ قويۇپ سوراق قىلغان. بەيۋىنچاۋ: سىلەر
شوپۇلدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى خوغا ئالدۇرۇپ پۇلىنى
تاپشۇرمىغىنىڭلار ئۈچۈن شوپۇلدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى
تاشۇيلىقتىكى خەنزۇلار تەرەپتىن خوغا ئېلىنىپ بولـ
دى. ئۇلار بىرىنچى يىللىق يەرلەرنى ئۆزلىرى تېرىيدۇ.

ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ بىر تاغارلىق يەرنى 7—8 تافار ئاشلىق تاپشۇرۇشقا ئىجارىگە بېرىشكە ھوقۇقلۇق دەپ ئۆقتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شوپۇللىق سەيمەي، كۆكمەي تاپشۇرىمىدى، بولارغا سەن سالى دورغا مەسئۇل بولۇپ 10 كۈن ئىچىدە سەيمەي، كۆكمەينى تاپشۇرتمىساڭ سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن دەپ مەجبۇرلايدۇ. سالى دورغا ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن يولبارس بىلەن ھەسەن بالاھاجىنى كېپىل قىلىپ، سەيمەي، كۆكمەينى چوقۇم 10 كۈن ئىچىدە تاپشۇرىمەن دەپ تۇرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇ قايتىپ چىقىپ يېزىلىرىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى خەلققە ئېيتىدۇ. خەلق ئىلاجىسىزلىقتىن قولىدا بار ئازراق مال - چارۋىلىرىنى سەيمەي، كۆكمەيگە تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق تېخىمۇ نامراتلىقتا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇنداق بېسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغايدۇ.

2 . 1931 - يىلى ئەتىياز كۈنلەردە شوپۇل خەلقى ئادىتى بويىچە 50 نەچچە تۆگىگە ئاشلىق ئارتىپ قۇمۇلغا ئېلىپ بېرىپ ئۇن تارتىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا تاشۇبلىقتىكى جىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىنى توسۇپ، سىلەر بۇ ئۇننى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئاپىرىپ سودا قىلماقچى دېگەن باھانە بىلەن مەجبۇرىي تارتىۋالىدۇ. بۇنىڭغا بىر تىيىن ھەق بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن جەرىمانە قويۇپ پۇل تۆلىتىدۇ.

3 . تاشۇبلىقتىكى جازانىخور سودىگەرلەر رەخت، كەزماللىرىنى شوپۇل خەلقىغە نىسىگە ① سېتىپ بېرىپ

① نىسى — قەرز مەنىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزگە بارغاندا بىر پۇلدۇرۇق نەرسىنى ئىككى پۇل ھە-
سابلاپ خەلقنىڭ مال-چارۋىلىرىنى ھەتتا ئۆي ما-
كانلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ خەلق تېخىمۇ
نامراتلىشىشقا باشلىدى.

4. ئاراتۈرۈكنىڭ سۆجى بۇلاق (سەنسەنخۇاچۈەن)
دېگەن جايدا تۇرۇۋاتقان جىسا — جاڭ گوخۇ قۇمۇلغا
چۈشۈپ قايتىپ كەلگەچە شوپۇرلىغا كېلىپ سالى دورغى-
نىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇ ئاخشىمى
سالى دورغىنى ماڭا بۈگۈن كېچە، ئۆيۈڭلاردىن خوتۇن
تېپىپ بېرىسەن دەپ قىستايدۇ. سالى دورغا: «بىز ئىسلام
دىنىدىكى خەلقلەردىن خەنزۇلارغا خوتۇن بولۇش يوق، بىزنىڭ
دىنىمىز ئۆرپ-ئادىتىمىزگە خىلاپ بولىدۇ، ساڭا ئۆيى-
مىزدىن خوتۇن بولىدىغان ئايال يوق» دەپ جاڭگو-
خۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. جىسا جاڭگوخۇ سالى
دورغىنىڭ ئاينىساخان دېگەن قىزىنى كۆرسىتىپ بۇ
ئولتۇرغان خوتۇن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنى بېرىسەن دېگەن-
دە، سالى دورغا غەزەپكە كېلىپ جاڭجىسا بىلەن تا-
كاللىشىپ قالىدۇ. سالى دورغا مۇنداق دەيدۇ: «سەن
بۇنداق يولسىز تەلەپنى قويۇپ تۇرۇۋالساڭ، يا مەن
سېنى ئۆلتۈرىمەن، يا سەن مېنى ئۆلتۈرىسەن. بۇ ھا-
يات-ماماتلىق ئىش» لېكىن جىسا جاڭگوخۇ يەنىلا
ئۆزىنىڭ تەلىپىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ: «سەن
ماڭا 5 كۈن ئىچىدە مۇشۇ قىزىڭنى بېرىشكە كۆنمىسەڭ،
مەن قايتىپ كېلىپ كاللاڭنى ئېلىپ تاشلاپ، قىزىڭنى
خوتۇنلۇققا ئالىمەن، كۈيئوغلۇڭنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ
بېرىمەن» دەيدۇ. بۇ ئىش سالى دورغىنىڭ قاتتىق

غەزىپىنى قوزغايدۇ. سالى دورغا بۇ خىل قاتمۇ قات بېسىم ئاستىدا شوپۇلدىكى يۇرت باشلىقلىرى ۋە مۇتە-ۋەر كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ خەلقنى باشلاپ شوپۇلدىن تال تېغىغا كۆچۈپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سالى دورغا ئاراتۇرۇكتىكى ئابدىنىياز مىراپ، توخ-سۇن قورمال، تۇركۆللۇك باقىنىياز دورغا، نوملۇق سالى دورغا قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، كېڭىشىپ كۆرەك-چى بولىدۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە قۇمۇلدىكى يولبارس ئابدىنىياز مىراپقا بىر پارچە ئالاقىنى ئەۋەتىدۇ. جۇنى قاراتاللىق يارى دورغا ئاراتۇرۇككە ئېلىپ چىقىدۇ. ئالاقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «شوپۇلدىكى سالى دورغا بۇزۇلدى، ئۇ شوپۇل خەلقىنى تال تېغىغا كۆچۈرۈپ كەتتى. بۇ ئالاقىنى ئالغان ھامان سالى دورغىنى تە-رىك تۇتۇپ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭ» دېيىلگەن. ئاب-دىنىياز مىراپ بۇ ئالاقىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئالاقىنى ئېلىپ چىققان يارى دورغىنى ئاراتۇرۇكلۇك توخسۇن قورمالنى قوشۇپ، تال تېغىغا ماكانلاشقان سالى دور-غىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سالى دورغا ئالاقىنى كۆرگەن-دىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. توخسۇن قورمالنى ئاراتۇرۇكتىكى يىڭ-فاڭنى ئېلىشقا، باقىنىياز دورغىنى تۇركۆلدىكى چىزە-نى ئېلىشقا، نوملۇق سالى دورغىنى نومدىكى چاڭدىنى ئېلىپ جىسالارنى يوقىتىشقا تەكلىپ يېزىپ ئابدىنى-ياز مىراپقا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سالى دورغا ئۆزى سوجى بۇلاقتىكى جاڭجىسانىڭ چازىسىنى ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، 1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شوپۇلدىكى

خەلقلەردىن پالۋانلارنى تاللاپ، ئاراتۇرۇكنىڭ باي دى-
گەن يېرىدىن 10 نەچچە نەپەر پالۋاننى قوشۇپ، جەمئىي 50
نەچچە نەپەر پالۋاننى تەشكىللەپ، سوجى بۇلاقتىكى
چېرىكلەر تۇرۇشلۇق چازا ئەتراپىنى بىر كېچىدە مۇ-
ھاسىرىگە ئېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۈچ نەپەر ئادەم بىلەن
جاڭجىساننىڭ يېنىغا كىرىدۇ. «مەن ساڭا قىزىمنى خو-
تۇنلۇققا بېرىشكە رازى بولدۇم. بالدۇر ساڭا بى ھۆر-
مەتلىك قىلىپ، سېنى رەنجىتىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئەندى
ئەپۇ سوراپ كەلدىم. توي ۋاقتىنى توختىتام قىلساق
قانداق» دېگەندىن كېيىن، جاڭگوخۇ خۇشاللىقىدا سا-
لى دورغىلارنى يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە تەكلىپ
قىلىپ، دەرھال زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمان قىلىپ
ھاراق- شارابنى تازا مەس بولغىچە ئىچىدۇ. ئۇلار
(جاڭجىسالار) راسا مەس بولغاندىن كېيىن، سالى دور-
غىلار قايتماق بولۇپ سىرتقا چىقىپ ئۆزىنىڭ يوشۇ-
رۇنۇپ ياتقان پالۋانلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، كېچەتۈن
يېرىمىدىن ئاشقاندا چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. پالۋان-
لار چېرىكلەرنى تۇتۇۋاتقاندا، جاڭگوخۇ سېزىپ قېلىپ
دەرھال ئاتقا مىنىپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى
كۆرگەن سالى دورغا مىلتىق بىلەن ئۇنىڭ مىنگەن
ئېتىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. جاڭگوخۇ بولسا ئاتتىن يە-
قىلىپ چۈشۈپ قاراڭغۇ كېچىدە تاغقا قاراپ قاچىدۇ.
دەل شۇ چاغدا ئېچكىرىدىن 400 — 500 دەك تۆگىگە سو-
دائارتىپ چىققان سودىگەرلەر قۇمكۆندۈدىگەن جايغا چۈشۈپ
قوناق قىلغانىكەن. جاڭگوخۇ كېچىدە شۇ يەرگە قې-
چىپ بېرىپ، سودىگەرلەرگە يالۋۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەھ-

ۋالىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ ئىچكىرىدىن چىققان سو-
دىگەرلەر جاڭگوخۇنى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سې-
لىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ. سالى دورغا باشلىق قوزغىلاڭ-
چى پالۋانلار سودىگەرلەردىن سورىغاندا، ئۇلار بىزكۆر-
مىدۇق، بۇ يەرگە ئادەم كەلمىدى دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
پالۋانلار سودا - ماللار ئارىسىنى ئاختۇرۇپمۇ
تاپالماي كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ جاڭگوخۇ سو-
دىگەر تۆگىچىلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بارىكۆلگە قې-
چىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىدىكى جىنشۇرىنغا خە-
ۋەر بېرىدۇ. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان جىنشۇرىن ئۆز-
نىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق خادىمى لىيۇسىجاڭغا تېلېگ-
رامما بېرىپ «ئاراتۇرۇكتە يۈز بەرگەن توپىلاڭنى تېز-
دىن بېسىقتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ قوي-
ماي يوقىتىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى بېرىدۇ. لىيۇسىجاڭ
بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، بارىكۆلدىكى خې تۇەنجاڭ-
نى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئەۋەتىپ نې-
رىنكەرنىڭ شيۇچېن (شور بۇلاق) دېگەن يېرىگە كەل-
گەندە ئاراتۇرۇكنىڭ قوزغىلاڭچى پالۋانلىرى ئالدىنى
توسۇپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. بۇ جەڭ ئەھۋالىدىن خە-
ۋەر تاپقان شوپۇلۇق سالى دورغا شوپۇلدىن بىر ئات-
قا ئوق ئارتىپ نېرىنكەردىكى قوزغىلاڭچى پالۋانلارغا
ئەۋەتىپ بېرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشقا مەدەت
بېرىدۇ. نېرىنكەردىكى ئۇرۇش غەلىبە بىلەن ئاياغلاش-
قاندىن كېيىن، سالى دورغا ئون ئىككى تاغنىڭ پال-
ۋانلىرىنى تەشكىللەپ، جىنشۇرىننىڭ تاشۋىلىقتىكى
چېرىكلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ دۈشمەنلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. ئۇ بۇ جەڭلەردە كارامەت پەم
پاراسەت ۋە قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

سالى دورغا يۇقىرىدىكى جەڭلەردىن كېيىن پال
ۋانلىرىنى باشلاپ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىسى خ
جىنىياز هاجى بىلەن بىرلىشىپ، دېهقانلار قوزغىلىڭى
نىڭ ئوت يالقۇنىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇرۇش
يېتەكچىلىك قىلىپ يۈرۈش قىلىدۇ.

شۇ ۋاقىتتىكى ئادەمخور جىن شۇرېن هۆكۈمىتى
نىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان
ئالۋان - ياساقلىرىنىڭ ئېغىرلىقى هەم يۇقىرىدا يېزىل
غان پۇقرالارنى ئاياغ - ئاستى قىلىش، زۇلۇم سېلىش
لىرى خەلقنىڭ بولۇپمۇ سالى دورغا قاتارلىق كىشى
لەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. هەممە يەردىكى
خەلقلەر جىن شۇرېن هۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش
تى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن سالى دورغا قاتارلىق ئادالەت
پەرۋەر كىشىلەر قانخور، چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلق
نىڭ قان - تەرىنى شوراپ ئېزىش (ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلىش) قا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى ۋە مىل
لىي ئۆرپ - ئادىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا قارشى
هۆرلۈك يولى ئىزدەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر
بولدى.

سالى دورغا باشچىلىق قىلغان دېهقانلار قوزغى
لىڭى قانداقتۇر بىرەر مىللەتكە قارشى قوزغىلاڭ بول
ماستىن بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى زالىملارنىڭ خەلقنى ئې
كسپىلاتاتسىيە قىلغان زۇلۇمغا قارشى هاياتلىق يولى
ئىزدەپ ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابتۇر.

## 2) ئابدۇنىياز مىراپ

ئابدۇنىياز مىراپ 1860 - يىلى ئاراتۇرۇك يېزى-
سىدا بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى تۆمۈر نىياز دېگەن كىشى. شۇ
مەزگىللەردە ئاراتۇرۇكتە مىراپ بولۇپ ئۆتكەن بوسۇق
دېگەن كىشى پەرزەنت كۆرمىگەنلىكتىن، تۆمۈر نىياز
دېھقاننىڭ ئوغلى ئابدۇنىيازنى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان
ۋە دىنىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقان. ئۇ مەكتەپتە ئەلا
ئوقۇغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ
ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى ۋە مال - چارۋىلىرىنى باش-
قۇرۇش ئىشلىرىغە قاتناشقان. ئۇ شۇ ئىشلارنى كۆڭۈل-
دىكىدەك ياخشى باشقۇرغان. شۇنداق قىلىپ 1900 -
يىللارغا كەلگەندە بوسۇق مىراپ كېسەل سەۋەبى بى-
لەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئابدۇنىياز ئاتى-
سىنىڭ ئىزىغا مىراپ بولىدۇ. 1920 - يىللىرى قۇمۇل-
دىكى شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ ھەۋرىگە كەلگەندە ۋاڭ-
لىقتىن ئابدۇنىياز مىراپنىڭ مەنسەپىنى ئۆستۈرۈپ
ئۇنى ئاراتۇرۇكتە ئۈچ بېگى (دېھقان بېگى، چارۋابې-
گى، سۇ بېگى) قىلىپ تەيىنلەپ توققۇز دورغا ئىدارە
قىلىپ كېلىۋاتقان توققۇز يۇرتنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا،
ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ توققۇز يۇرت: قوراي (ھازىرقى
قۇمۇل شەھىرى تيەنشەن رايونى تۇرۇشلۇق جاي)، خو-
تۇنتام، شوپۇل (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تاشۋىلىق-

را يونىنىڭ خوتۇنتام، شوپۇل يېزىلىرى)، ئاراتۇرۇكنىڭ
باي يېزىسى، ئاراتۇرۇك يېزىسى، ئاداق يېزىسى، لوم
يېزىسى، تۇركۆل يېزىسى، نېرىنكىر يېزىسى قاتارلىق
جاپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مەزگىللەردە بۇ يۇرت-
لارنىڭ ھەر بىرسىدە بىردىن دورغا، مىراپ، مۆتۇسۇپ
دېگەنلەرنى قويۇپ، ھاكىمىيەت، ئىشلەپچىقىرىش، سۇ
ئىشلىرىنى باشقۇرتۇپ كەلگەن.

ئابدۇنىياز مىراپ ئۈچ بېگى بولغاندىن كېيىن
ۋاقىتلىقتىن ئاراتۇرۇكتە 40 نەچچە نەپەر پۈتۈن تەمە-
ناتلىق قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى بەلگىلەپ ئۆلىمگ-
غا يولبارسنى يىڭجاڭ، ئابدۇنىياز ئۈچ بېگىنى لىيەن-
جاڭ قىلىپ بېكىتىپ، ئابدۇنىياز ئۈچ بېگىنىڭ باش-
قۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

ئابدۇنىياز ئۈچ بېگى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بول-
غاندا قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشقان ھەم باشچىلىق
قىلغان. كېيىن دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ
خوجىنىياز ھاجى (قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەر-
كەردىسى) شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن
كېيىن، 1935 - يىلى شىڭ شىسەي ئابدۇنىياز ئۈچ بېگى-
نى تۈركىيە ئىشپىيونى دېگەن پوھتاننى چاپلاپ قول-
غا ئېلىپ، تۈرمىدە قىيىن قىستاق ئاستىدا سوراق قى-
لىپ 1939 - يىلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

لىمش ئابدۇنىياز مىراپ 1933 - يىللىرى مەزگىلىدە سە-
ئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ مەككە - مەدىنىلەردە ھەج
تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن كىشى
ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئابدۇنىيازنى

دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغىغان ھەم ئۇ—
نىڭغا باشچىلىق قىلغان دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن—
لىكى راست.

ئابدۇنىياز مىراپ، ئۈچ بېگى بولغان مەزگىللەر—
دە مال - چارۋىلىرى كۆپەيگەن. دېھقانچىلىق ۋە سودا—
سېتىق ئىشلىرى راۋاج تېپىپ خېلى كۆپ مال دۇنيا—
غا ئىگە بولغان كىشى ئىدى.

ئابدۇنىياز شىڭشىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنى—
غاندىن كېيىن، پۈتۈن مال - مۈلكى، ئۆي - ئىمارەت،
يەر - زېمىنلىرى لىسەن (مۇسادىرە) قىلىنىپ پۈتۈن
ئائىلىسى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ نامراتلىشىپ كەتكەن
ئىدى.

ئەندى تۆۋەندە ئابدۇنىياز ئۈچ بېگىنىڭ ئارا—
تۇرۇك دېھقانلار قوزغىلىڭى جەريانىدا خەلققە قىلىپ
بەرگەن بىر قىسىم ياخشى ئىش پائالىيەتلىرىنى تو—
نۇشتۇرىمىز.

1. دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن ئاراتۇرۇكنى
جازانىخور سودىگەرلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر
پۇللۇق مالنى ئىككى پۇلغا سېتىپ خەلقنىڭ قان تە—
رىنى شوراپ كەتتى. خەلق شۇ ۋاقىتتىكى جازانىخور
سودىگەرلەرنىڭ جازاسىغا چىدىماي، ئۈچ بېگى ئابدۇ—
نىياز مىراپقا مال باھاسىنى ئەرزانراق قىلىشنى ئىل—
تىماس قىلدۇ. ئابدۇنىياز ئۈچ بېگى ئەھۋالدىن خە—
ۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ 50 — 60 تۆگىسىنى قوش—
قا سېلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇ جايلاردىن
سودا مال (ھەر خىل گەزلىمە، رەختە، چاي، تاما—

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كا، ھاراق) قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ چىقىپ
ئۆسۈمسىز ھەم كېچىكتۈرۈپ پۇلىنى بېرىشكە تارقىتى...
بەردى. شۇندىن باشلاپ خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كە...
چۈردى.

2. ۋاگىلىقنىڭ ئاراتۇرۇكتە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلە...
رىنىڭ يېڭىجەڭگى يولبارس بولۇپ، ئابدىنىياز ئۈچ بې...
گى لىيەنجاڭى ئىدى. ئاراتۇرۇك دېھقانلار قوزغىلىڭ...
پارتلاش تەييارلىقى بولۇۋاتقان مەزگىلدە يولبارس...
ئابدىنىياز ئۈچ بېگىگە قۇمۇل قارا تاللىق يارى دور...
غا دېگەن كىشى بىلەن بىر پارچە يارلىق چىقىرىدۇ
بۇ ئالاقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «شوپۇللۇق سالى دور...
غا بۇزۇلۇپ شوپۇل خەلقىنى تال تېغىغا كۆچۈرىۋاتى...
دۇ. سەن بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان سالى
دورغىنى تىرىك تۇتۇپ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىسەن» دې...
يىلگەن. ئابدىنىياز ئۈچ بېگى يولبارسنىڭ يۇقىرىدى-
كى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماستىنلا، شوپۇللۇق سالى دور-
غىنى ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇلدىن
يارلىق ئېلىپ چىققان يارى دورغىغا ئاراتۇرۇكلۈك
توخسۇن قورمالنى قوشۇپ يولبارسنىڭ بۇيرۇق يارلى-
قىنى سالى دورغىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ھەم ئاراتۇرۇك-
نىڭكى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاب-
دىنىياز مىراپ، سالى دورغا بىلەن خەۋەرلىشىپ پى-
لاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاراتۇرۇكنىڭ يېزىلىرىدى-
كى دورغا ـ مۆتۈسۈپلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ جىنشۇرىنغا
قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغاپ چىقىدۇ.

3. ۋاگىلىقنىڭ ئاراتۇرۇكتە 40 نەپەر قوراللىق

ئەسكىرى بار بولۇپ بۇنى ئابدىنىياز ئۆچ بېگى لىيەن-
جاڭ بولۇپ بىۋاستە باشقۇراتتى. ئۇ ئەسكەرلەر شار
ئۆيلەردە تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا جىن شۇرېننىڭ 100
نەپەردىن ئوشۇق تولۇق قوراللانغان ئاتلىق ئەسكىرىي
قوشۇنى چوڭ ئۆيلەردىكى يىڭفاڭدا تۇراتتى.

ئابدىنىياز ئۆچ بېگى قوزغىلاڭچى پالۋانلارنى تەشكىللەپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى 40 نەپەر ئەس-كەرنىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى قوزغىلاڭچى-لارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ بۇ ئىشتىن گۇ-مانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى (ئابدىنىيازنى) ئارغامچا بىلەن باغلاپ تۇتۇپ پالۋانلارنى ئەتراپتىكى تاغ ئۈستىگە چىقىرىپ، بازارنى قورشاپ، جىن شۇرېنى-نىڭ ئاراتۇرۇكتىكى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئابلا دارىنغا تەسلىم بولۇش، قورال - ياراقنى تاپشۇرۇشنى تاپىلاپ ئەلچى ئەۋەتسەڭلار، ئابلا دارىن ئۆزى كېلىپ مېنىڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ باغلانغانلىقىم-نى، ئەسكەرلەرنىڭ قورال - ياراقلىرىنى قوزغىلاڭچى پالۋانلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ ئالغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ ئان-دىن ئۆزلىرىمۇ تەسلىم بولىدۇ. مېنىڭدىنمۇ گۇمانلان-مايدۇ دېگەن. ئەنە شۇنداق ھىيلە بىلەن ئەلچىلەر بار-غاندىن كېيىن ئابلا دارىن قاتارلىق ئەسكەر باشلىق-لىرى كېلىپ ئەتراپتىكى قورشاۋنى كۆرۈپ ئۆزلىرى-نىڭمۇ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بارلىق قورال-ياراق، ئوق - دورىلارنى قوزغىلاڭچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەر-گەن. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىمىيارىغا قويۇپ بەرگەندىن كېيىن سىرتتىن كەلگەن ئەسكەرلەر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەن.

4. دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن جازانىخور سودىگەرلەر، جىسا ـ لوزۇڭلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاراتۇرۇكتىكى ئابدىنىياز مىراپ باشلىق يەرلىك يۇرت ئەمەلدارلىرىنى سۇيىقەستلىك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىۋېلىشنى پىلانلايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاراتۇرۇك ۋە نومدىكى لوشى، گاۋشەلسىلىك قاتارلىقلار، ئابدىنىياز ئۈچ بېگىگە، لوزۇڭ ـ جىسالارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۇيىقەستلىك پىلان كۆرۈۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشنى ئېيتىپ قويغان. كېيىن دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، دوست كىم، دۈشمەن كىم بۇنى ئېنىق ئايرىپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان.

5. ئاراتۇرۇكتىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ بارىكۆلدىن ئەۋەتكەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقان خې تۇەنجاڭنىڭ ئەسكىرىنى يولدا توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن ئابدىنىياز مىراپ ئۈچ بېگى سەركەردە قوزغىلاڭچى پالۋانلارنى باشلاپ نېرىنكىر يېزىسىنىڭ شيۇچەن (شور بۇلاق) دېگەن يېرىگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ.

نېرىنكىرنىڭ شيۇچەندىكى خې تۇەنجاڭغا قارشى جەڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ھاجى سەركەردە قوزغىلاڭچىلىرى بى-

لەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇ-
رۇش پىلانلىرىنى تۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش
قىلىدۇ. خوجىنىياز هاجى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ
باشلىقى بولۇپ تىكلىنىدۇ. ئابدۇنىياز ئۈچ بېگى بول-
سا، ئارقىدىكى يۇرت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش
ئۈچۈن نېرىنكەردىن ئاراتۇرۇككە قايتىپ كېلىدۇ. ئا-
رىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭدا
شىڭدۇبەن (شىڭشىسەي) هاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ.
دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىسى خوجىنىياز
هاجى شىڭشىسەي بىلەن بىرلىشىپ گەنسۇ ئۆلكىسى-
دىن چىققان ماجۇڭيى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ.

كېيىن شىڭشىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ دېھ-
قانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ هەر قايسى جايلاردىكى ئا-
ساسلىق باشلىقلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. سەركەر-
دە خوجىنىياز هاجىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئابدۇنى-
ياز ئۈچ بېگىنىمۇ تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ تۇتۇش بۇي-
رۇقىنى ئاڭلاپ، ئاراتۇرۇكتە تۇرالماي يۇرتتىن ئايرى-
لىپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى دېگەن يېرىگە بېرىۋا-
لىدۇ. ئۇ يەرلەردىمۇ ئوخشاشلا بۇلاڭچىلارنىڭ تالان -
تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ خاتىرجەم ياشىيالماي، ئۆز يۇر-
تىغا (ئاراتۇرۇككە) قايتىپ كېلىدۇ. شىڭشىسەي ئۇنىڭ
ئاراتۇرۇككە قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن
ئۇنى تۇتۇپ، ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ چىقىپ، تۈرمىگە
تاشلايدۇ. تۈرمىدە قىيىن - قىستاق ئاستىدا سوراق
قىلىنىدۇ. ئاخىرى شىڭشىسەي ئابدۇنىياز مىراپنى
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق باشلامچىلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىكەن دەپ قونۇپ تۇرمىدە تاغارغا قاچىلاپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

## 3) نوملۇق سالى دورغا

سالى دورغا ئاراتۇرۇك نوم يېزىسىدىن بولۇپ، 1870 - يىلى تۇغۇلغان. 1950 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە 80 يېشىدا نومدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئادەم نومنىڭ دورغىسى ئابدىرازاق بەگنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭغا دورغىلىق ئاتىسىدىن مىراس قالغان. سالى دورغا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئېغىر - بېسىق بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلاپ قىلاتتى. تۆۋەندە بۇ ئادەمنىڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىدىكى ئەھۋالىدىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1 - نومغا چىققان جىسا - لوزۇڭلار نومنىڭ يۇرت باشلىقلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانىنى سۈي لىيۇۋې دېگەن كىشى ئىنكاس قىلغاندا، سالى دورغا ئېغىر بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بۇ ئىشنى ئابدىنىياز مىراپنىڭ يولىيورۇقىنى ئالماي تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ، نومدىكى جىسا - لوزۇڭلارنى يوقىتىشقا قول سالمىغان. كونكرېتنى ئەھۋال مۇنداق بولغانىدى: جىنشورىن تەرەپتىن گەنسۇنىڭ جۇچۈەن دېگەن يېرىدىن 80 نەپەر خەنزۇ خورجالارنى نومغا كۆچۈرۈپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. بۇلارغا شۈي لويى جىسا، ۋاڭ خۇيىڭلارنى باشلىق

قىلىپ چىقارغان ئىدى. ئۇلار نومغا چىققاندىن كېيىن، نومنىڭ كۆدەس دېگەن جايىدىكى مۇنبەت يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلار مۇشۇ يەرلەرنى تېرىپ تىكىشتە نوم خەلقىنىڭ، ھايۋان - سايمانلىرى بىلەن تېرىۋالاتتى. ئۇلار يەرلەرنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن ھايۋانلارغا ساپانلارنى سۆرتىپ ئېتىزدىلا قويۇۋەتكەن. ئىشلىتىش جەريانىدا تەرلەپ كەتكەن ھايۋانلار سۇ ئىچىپ كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. ساپانلارنىمۇ سۇندۇرۇپ قويغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرغان. بۇنىڭغا قارىتا نومدىكى يەرلىك خەلقلەر پىكىر بەرسە ئاڭلىماستىن ئەكسىچە ئۇرۇپ - تىللىغان. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ خورىكى ئۆسۈپ، جىسا - لوزۇڭلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، نومنىڭ يۇرت باشلىقلىرىدىن سالى دورغا قاتارلىق 10 نەچچە نەپەر يۇرت كاتتىلىرىنى مېھماندارچىلىققا چاللاپ، پولوغا زەھەر سېلىپ ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن. بۇ ئەھۋالنى سىزىليۇۋى دېگەن كىشى سالى دورغىغا ئىنكاس قىلغان. سالى دورغا بۇ ئەھۋالنى ئاراتۇرۇكتىكى ئابدىنىياز مىراپقا يوللاپ، ئۇنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ بىر ياقلىق قىلماقچى بولغان. ئابدىنىياز مىراپنىڭ بۇيرۇقى كەلگەندىن كېيىنلا نومدىكى يامان غەرەزدىكى جىسا - لوزۇڭ، لويىلارنى يوقاتقان.

2. ئاراتۇرۇكتە قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن، جىن شورىنىنىڭ بارىكۆلدىكى ئەسكەر باشلىقى خې تۇەنجاڭ (ئەسلى ئىسمى خې جۇنكۇي بىر ئېيتىشلاردا خې جىنشاڭ دەپمۇ ئاتايدۇ) نوم خەلقىنى قىرىپ يوقىتىۋېتىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەقسەت قىلىپ، چوڭ جىگدە دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، سالى دورغا تاكتىكا ئىشلىتىپ بىر لەپەر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتىدۇ. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ھۆرمەتلىك خېتۋەنجاڭ، سىز نومغا كەلگۈچى بولماڭ! ئەگەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي نومغا كەلسىڭىز، بىرمۇ ئادىمىڭىزنى تىرىك قويماي قىرىپ تاشلايمىز. ھازىر بىزدە توپلانغان ئادەم كۆپ. مەسىلەن: ئاراتۈرۈك ئالتە يۈرتتىن 600 نەپەر تولۇق قوراللانغان ئادەم توپلاندى. ماجۇڭيىڭدىن 500 ئەسكەر ئېلىپ چىقتۇق، تاشقى موڭغۇلىيىدىن 1000 نەپەر ياردەمچى ئەسكەر چىقتى. جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق قوراللىق كۈچىمىز بار. شۇڭا تەكرار ئېيتىمەنكى قايتىپ كەتكىنىڭىز تۈزۈك». بۇ پوپوزىلار ئىشقا ياراپ دۈشمەننى ۋەس - ۋەسكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، خېتۋەنجاڭ بارىكۆلگە چېكىنىپ كېتىپ قالغان. سالى دورغىنىڭ نەدىمۇ ئۈنچىۋالا ئەسكىرى كۈچى بولسۇن، بۇ ئەسلىدە «جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرىلا جەڭ» دېگەندىن ئىبارەت رەڭ ئىدى. سالى دورغا مۇشۇ تاكتىكا ئارقىلىق دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ نوم خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى بالايى - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

3 - خېتۋەنجاڭ نېرىنكىرىنىڭ شىيوچەن ( شور بولاق ) دىكى دابىڭنى يوقىتىش ئورۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سالى دورغا خېتۋەنجاڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش نىيىتى يوق، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ كىچىك نومغا ئۇرۇشقا بارغاندا، شۇنچە نورغۇن

ئەسكەرى كۈچى بولسىمۇ بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماي سۆزىمىزنى ئاڭلاپ باركۆلگە چېكىنىپ كېتىپ قالغان. دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ خېتۇەنجاڭنى 1000 دەك ئەسكەرگە چۈشكەن ئەسكەرلىرى بىلەن قويۇپ بېرىپ كېيىن باركۆلنىڭ تىنچلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى.

4. سالى دورغا دېھقانلار ئىنقىلابى مەزگىلىدە، كىچىك نوم دېگەن يەرگە گۆستى ئىسىملىك بىر روس ئايال نۇرغۇن تۆگە (500 دەك بار ئىدى) كارۋىنى بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ھەر خىل گەزمال ئارتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ باشقىلارغا بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇزماي، بۇ ئايالنى چىرىك نومغا ئېلىپ كېلىپ ساق - سالامەت ھالدا ئابدىنىياز مىراپقا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

5 - سالى دورغا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۆتكۈر ھەم قەيسەر، باتۇر، قەھرىمان شەخس ئىدى. ئۇ سەركەردە خوجىنىياز ھاجىغا، تاشقى موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئۇ قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزى (سالى دورغا) باشلامچى بولۇپ بېرىپ ئىككى قېتىمدا نۇرغۇن قورال-ياراق، ئوق - دورا ئېلىپ چىقىدۇ. يەنى 170 تال گاڭچاڭ مىلتىق، 20 ساندۇق ئوق، 500 تور پاختىلىق كىيىم، 600 كىشىلىك چىگرىن خۇرۇم ئۆتۈك، 1000 ياقا يامغۇزلۇق چاپان، 500 ياقا تېرە جۇۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىققان. بۇلاردىن باشقا ئوق ياسايدىغان مىلتىق دورىسى، ئوق بېشى قويۇش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن مىقداردا قوغۇشۇننى ئېلىپ چىققان. سالى دورغىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدىكى باشلىقلار بىلەن ئەسلىدىنلا تونۇشلۇقى بولۇپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، نۇرغۇن ياردەملەرنى ئېلىپ كېلىشتىمۇ ئۇنىڭ بۇ تونۇشلۇقى مۇھىم رول ئوينىغان.

6. سالى دورغا راست سۆزلۈك ئادەم ئىدى. خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن جۇشى بولغاندىن كېيىن تۇرپاندا ئوغلىنىڭ توينى قىلغاندا، سالى دورغا شۇ تويغا چىققان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شىڭدۇبەن، سالى دورغىنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ چىقىپ، يامۇلغا چىللاپ كېلىپ «سالى دورغا دېگەن سەنمىدىڭ؟ دېھقانلار ئىنقىلابىنى نېمە ئۈچۈن قوزغىدىڭ؟» دېگەندە: سالى دورغا ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن «مېنىڭ ئىنقىلاپ قوزغاشتىكى مەقسىتىم سېنى يوقىتىش ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. شىڭ دۇبەن شۇ ۋاقىتتا، سالى دورغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «سەن راستچىل ئىكەنسەن، سېنى ساقلاپ قويسا بولغىدەك. سەن مۇشۇ قوزغىلاڭنى قىلمىغان بولساڭ، مەن ھەم دۇبەن بولالمايتتىم» دېگەن.

سالى دورغىنىڭ ھايات قېلىشىغا مۇنداق ئۈچ خىل ئىش سەۋەب بولدى.

بىرىنچى: گۆستى دېگەن روس ئايالنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇرمىدى. بۇ مال - دۇنيا شىڭشىسەينىڭ قولىغا ساق - سالامەت تېگىلدى.

ئىككىنچى: ئەسىر چۈشكەن خېي تۇەنجاڭنى 1000

.دەك ئەسكىرى بىلەن قويۇپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى
.قوغداپ قېلىشقا سەۋەبچى بولدى.

ئۈچىنچى: ئۇ شىنىڭشىسەي ئالدىدا راست سۆز
.قىلدى. مانا مۇشۇ ئىشلىرى تۈپەيلىدىن شىنىڭشىسەينىڭ
تۈرمىگە تاشلاپ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

سالى دورغا ھەرقانداق ئىشنى قىلمىشتا، ئىشىنىڭ
ئاقىۋىتىنى ئويلىغان. «ئالدىغا ماڭسا، ئارقىسىغا يول
.قوياتتى».

# 11. ئاراتۇرۇكنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مائارىپ ئىشلىرى

ئاراتۇرۇك چەت - چېگرا بولغىنى ئۈچۈن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قالغان ئورۇن. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، دىنىي - خۇراپاتلىق ئېغىر ساقلانغان، ھەممە يېزىلاردا دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ، بالىلارنى 7 ياشتىن باشلاپ دىنىي مەكتەپكە ئوقۇتۇش ئۈچۈن موللاملارغا بېرەتتى. مۇنداق ئۈچ شەرت (گۆشى موللىنىڭ، ئۇستىخىنى ئاتىنىڭ، جېنى خۇدايىمنىڭ) بىلەن بالىنى موللىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. موللا شۇ بالىنى ئىشلىتىپ قول ئورنىدا كۆرسىمۇ ئۆز ئىختىيارى، ئۇرۇپ - ياشىسىمۇ ئۆز ئىختىيارى ئىدى. بالىلار ئۆلۈپ قالسىلا بولغىنى، ئازراق قۇرئان ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن مەكتەپتىن قايتىپ چىقىپ ئاتا - ئانىلىرىغا ياردەملىشىپ ئەمگەك قىلاتتى. خەلقنىڭ ئىچىدىن بىرەر ياش قۇمۇل - ئۈرۈمچىدەك جايلارغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگىنى يوق. سەۋىيە جەھەتتە بەك نادان ئىدى. 1938 - يىلى ئاراتۇرۇكنىڭ ئالتى يېزىسىدا پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلدى. ئورغۇنلىغان كىشىلەر بالىلىرىنى پەننىي مەكتەپكە بېرىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. خەلق-

لەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چۈشەنچىسى. پەننى مەكتەپتە ئوقۇغان بالىلار ئىسلام دىنىدىن چىقىپ جىددىي (دىنسىز) بولۇپ كېتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جايلاردىكى جىگىسا پەچچىسولارنىڭ باشلىقلىرى قاتنىشىپ بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن ئادەملەرنى مۇزلۇق سولاقخانىلارغا سولاپ قورقىتىش يوللىرى بىلەن مەجبۇرىي ھالدا مەكتەپكە بەرگۈزدى. كېيىنچە ئاراتۇرۇك ناھىيە ئورنىدا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، مائارىپنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تەشۋىقىي تەربىيەلەرنى كۈچەيتكەندىن كېيىنلا، ئوقۇشقا كىرگەن بالىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بەردى ھاشىم ئىدى- كېيىن ئابدىخالىق رەئىس بولدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلىرى ئالتى يۇرتنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. مەكتەپتە پەننى دەرسلىك ئاساس قىلىنىدۇ. ھەپتىدە بىر سائەتلا دىن دەرس ئوقۇلىدۇ. ئوقۇلىدىغان دەرسلەر بىر كۈندە 7 سائەت بولۇپ، ھېساب، تىل (ئېلىپبە) تەبىئەت، ئىجتىمائىيەت، رەسىم، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئاراتۇرۇككە چىقىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مۇئەللىملەر ھەممىسى، قومۇلدىن چىققانىدى. ئۇلار شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ كەلگەن، سەۋىيىلىك، مەدەنىيەتلىك مۇئەللىملەر ئىدى. ئۆز كەسپىگە بەك قىزغىن ئىدى. بالىلارغا مېھرىبان، ۋەتەنگە سادىق ئىدى. ئاراتۇرۇك خەلقى شۇ باغۋەنلەرنى ھەمىشە ئەسلەيدۇ، مەڭگۈ ئەستە ساقلايمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1938 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئاراتۇرۇك ئە...
يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مۇئەللىملەرنىڭ
ئىسمىيىتى تۆۋەندىكىچە:

## ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى:

| ئىسىم فامىلىسى | مىللىتى ئەسلى يۇرتى | ۋەزىپىسى | ھازىر قەيەردە |
|---|---|---|---|
| 1.ئەمەتروزى | ئۇيغۇر | قۇمۇل | مۇدىر | ۋاپات بولدى. |
| 2.مەخمۇتئەھەدى | ئۇيغۇر | قۇمۇل | مۇدىر | تاشـ خەيدە |
| 3.مۇختار ئادىل | ئۇيغۇر | قۇمۇل | ئوقۇتقۇچى | قۇمۇل شەھەرئىچىدە |
| 4.ئابلىمىت نىيازى | ئۇيغۇر | قۇمۇل | ئوقۇتقۇچى | قۇمۇل تۆمۈر يولدا |
| 5.ئىبراھىم شايى | ئۇيغۇر | قۇمۇل | ئوقۇتقۇچى | ۋاپات بولدى |
| 6.پەتتاخان تايىر | ئۇيغۇر | قۇمۇل | ئوقۇتقۇچى | |
| 7.ئابدرېھىمئابلايۇۋ. | ئۇيغۇر | قۇمۇل | مودىر | ئۈرۈمچىدە ۋاپاتبولدى. |
| 8.قۇددۇس ئاسىپ | ئۇيغۇر | قۇمۇل | مۇدىر | |
| 9.ئابلىلىمئابدۇرېھىم | ئۇيغۇر | قۇمۇل | مۇدىر | |
| 10.خوجاخمەت | قازاق | چۆچەك | مۇئەللىم | چۆچەكك قايتتى. |

## نوم مەكتەپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

1. ياقۇپ ئاخۇنوم ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم، قۇمۇل شامالچارباغدا ۋاپات بولدى.

2. يۇنۇس سوپىيۇپ ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇدىر، قۇمۇل دۆڭفېڭ كۆڭشىدە ۋاپات بولدى.

3. يۇسۇپ ئىسلام ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇدىر، قۇمۇل دۆڭفېڭ كۆڭشىدە بار.

4. ئابلا يۇسۇپ ئۇيغۇر، قۇمۇل، ئوقۇتقۇچى، قۇمۇل شەھەر ئىچىدە بار.

5. مۇھەممەت قۇربان ئۇيغۇر، قۇمۇل، ئوقۇتقۇچى، قۇمۇل شامالچارباغدا.

6. ئەمەت شايۇپ ئۇيغۇر، قۇمۇل، ئوقۇتقۇچى، قۇمۇل ئاستانىدا.

7. ئابلا تۆمۈر ئۇيغۇر، يۇرتى، قۇمۇل، مۇدىر، ھازىر قۇمۇل شەھەر ئىچىدە.

8. ئابدۇكېرىم تۇرانۇپ ئۇيغۇر، قۇمۇل، ئوقۇتقۇچى، ۋاپات بولدى.

9. ئىسمائىل بابايۇپ ئۇيغۇر، قۇمۇل، ئوقۇتقۇچى، ۋاپات بولدى.

10. ئابلىلىم سوپا ئۇيغۇر، قۇمۇل، ئوقۇتقۇچى ۋاپات بولدى.

11. غوجا ئابدۇل غوجى ئۇيغۇر، ئاراتۇرۇكتە. مۇئەللىم، ھازىر مۇبايدا بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

12. ئۇسمان يۇسۇپ ئۇيغۇر، ئاراتۇرۇك، مۇئەللىمھازىرقۇمۇلدا بار.

## ئاداق مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

1. يۇسۇپ ھاجى ئۇيغۇر، ئاراتۇرۇك، مۇئەللىم، ھازىر ئاراتۇرۇكتە بار.

2. ئابلېتىپ ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم.

3. ئەبدوللا. ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم.

## باي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

1. ئەمەت ساۋۇت. ئۇيغۇر، قۇمۇل چارباغ، مۇدىر، ۋاپات بولدى.

2. باۋۇدۇن ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم.

3. ھامىدىن نىياز ئۇيغۇر، قومۇل، مۇئەللىم.

4. ئابدىكېرىم ئەخمىدى ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم.

5. ئىبراھىم بېزىندى ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم.

6. گايىپ توختى ئۇيغۇر، ئاراتۇرۇك، مۇئەللىم، ھازىر ئاراتۇرۇكتە بار.

7. يۇنۇس ھاشىر ئۇيغۇر، ئاراتۇرۇك، مۇئەللىم، ھازىر ئاراتۇرۇك ئورگەيدە بار.

8. مەمەتنىياز ساددىق. ئۇيغۇر، ئاراتۇرۇك، مۇئەللىم، ھازىر ئاراتۇرۇك چوڭتاشتا بار.

## تۇركۆل مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

1. ئىنۋىدۇل سوپا ئۇيغۇر، قۇمۇل، مۇئەللىم.
2. قاسىم ئەپەندى ئۇيغۇر، قۇمۇل تەنسەن، مۇئەللىم، ھازىر قۇمۇلدا بار.
3. ئابدۇرېھىم قۇربان ئۇيغۇر، قۇمۇل راھەتباغ، مۇئەللىم، ۋاپات بولدى.
4. ئىبراھىم بەكرى ئۇيغۇر، قۇمۇل شەھەر ئىچى، مۇئەللىم، ھازىر بار.

## نېرىنكىر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى

1. ھېبىبۇللا ئۇيغۇر، قۇمۇل شىبەن، مۇئەللىم، تاشكەنتتە ئوقۇغان.
2. ئىبراھىم توختى ئۇيغۇر، قۇمۇل دۆڭشىبېك، مۇئەللىم، ھازىر قۇمۇل ئاقيەردە.
3. قاسىم شانى ئۇيغۇر، ئاراتۈرۈك نېرىنكىر، مۇئەللىم، ۋاپات بولدى.

يۇقىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار جەمئىي 50 نەپەر. ئۇلار ئاراتۈرۈك خەلقىنىڭ ياش پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە بىلىم سىڭدۈرگەن باغۋەنلەردۇر. بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەئاشى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى تارتتى. قۇمۇلدىن ئاراتۈرۈككە چىنىقوچە، ئېشەك، تۆگىلەرگە مىنىپ 6—7 كۈندە مەكتەپ ئورۇنلىرىغا يېتىپ بارغىچە مىڭ بىر جاپالارنى تار-

ناتتى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇ خىل قىيىنچىلىقلارنىمۇ جاپا ھېسابلىماي ئاراتۇرۇكنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇ- تۇپ، شىڭشىسەي دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەن ۋاقىتتا مۇئاش ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. گومىنداڭنىڭ ئاراتۇرۇكتىكى قورچاق شەنجاڭى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشىنى ئالدى بىلەن بىر قېتىم شاڭخەيگە ئەۋەتىپ سودا ئالدۇرۇپ چىقى- ۋېلىپ، پۇل پاخاللىشىپ ھېچ نەرسىگە يارىماس بو- لۇپ قالغاندىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىغا بېرەتتى. بى- چارە ئوقۇتقۇچىلار بىر ئايلىق مۇئاشى بىر پارچە ما- تاغا يارىماس بولۇپ قالغاندا مۇئاش ئالغىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يەككە - يېگانە بىر بېشىنى باقالمىدى. ئائىلىنىڭ يوقلۇقىدىن قۇمۇلغا قايتىپ كېتىشلىكە مەج- بۇر بولدى. كېتىپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئىككىنچى قېتىم ئاراتۇرۇككە چىقىشقا پەقەتلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاراتۇرۇكتە قايتىدىن دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ موللاملار دىن دەرس ئوقۇتۇشقا باشلىدى. 1950 - يىلى ئاراتۇرۇك بويىچە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىلىپ كەتكەنلىكتىن دىنىي مەكتەپلەرمۇ توختاپ قالدى. ماتا مۇشۇنداق ئەھۋاللار بىلەن مەدەنىي - مائارىپ سۇغا چىلاشتى، ياشلىرىمىز ئوقۇش پۇرسىتىدىن ئايرىل- دى. شۇ كۈنلەردە گۈگچەنداڭ رەھبەرلىكىدە ئارا- تۇرۇك ئىككىنچى قېتىم ئازاد بولۇپ، يەنىي مەكتەپ- لەر قايتىدىن ئېچىلىپ، ھەممە ياشلار ئوقۇش پۇرسى- تىگە ئىگە بولدى.

# 12. ئاراتۇرۇك ئۇيغۇرلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، توي - تاماشا، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

## 1) ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى

ئاراتۇرۇك يۇرت بولۇپ ئۇيغۇر خەلقى ماكانلاشقانلىقىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ، مىللىي سەنئەتنى قۇمۇل ناھىيىسىدىنمۇ تېز تەرەققىي قىلغان، چۈنكى قۇمۇل ۋاڭلىرى ئۆتمۈشتە قۇمۇلدىكى داڭلىق سازەندە، نەغمىچى، ئۇسسۇلچى ۋە قىزىقچىلارنى گۇناھكار قىلىپ، نومغا پالايتتى. بۇ كىشىلەر ناخشا ۋە سازغا ئۇستا، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلنەغمىچىلەر بولۇپ، يېتىم ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئوۋلايدۇ دېگەندەك ناخشا - ساز ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئۆزلىرى ئوۋلايتتى، بەزىلىرى ئاتا - ئانا، ئەل ئاغىنىلىرىنى كۆيلىسە، بەزىلىرى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت، بايلىق، كەمبەغەللىك، غېرىب - مىسكىنلىك، ئارزۇ - تىلەك، ۋاپادارلىق، ئېزىش - ئېزىلىش، دەرد، ئەلەم، غەم - قايغۇ، غەزەپ - نەپرەت، مېھرىبانلىق، مۇھەببەت، باتۇرلۇق - قەيسەرلىكنى كۆيلىگەن. بەزىلىرى پادىشاھ ئەمەلدار، بەگ سىپاھلارنى قاغىغان ھالدا بېيىت -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ قېتىمقى نەغمىچىلەر ئىچىدە ئاياللار
-پەزلىقا چىققانلار ئۇغۇلخان، پاتىمىخان، تەك
جامبانىخان، خېدىسخان قاتارلىق ئېيتقا
بار ئىدى.

قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئاتاقلىق سازەندىسى ئ
-بەكمۇ ھادى بوۋاينىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.
بوۋا بولسا قۇربان ئۇستامغا ئوخشاش قىزىل 12
قامغا ئىشتىياق باغلاپ ئۆمۈر بويى سازەندىچە
ۋە نەغمىچىلىك قىلىپ ئۆتتى.

ھازىر قۇربان ئۇستا ئەۋلادلىرىدىن بىر قى
-نوم يېزىسىدا، بىر قىسمى قومۇلدا بار. قۇربان
-تىمغا ئوخشاش ناخشىچى سازچىلارنىڭ كۆپ ق
شامەخسوتىنىڭ كۆڭلى تارلىقىدىن قومۇلدا تۇرال
پالىنىپ نوم، بايغا ھەيدەلگەن. ئاراتۇرۇك ناھىيىس
باي يېزىسىغا پالانغان ئايىشەخان بىر دانە قومۇل
ۋابىتى ئۆزى ياساپ، ئۆزى چېلىپ بۇ ناخ
ئېيتقان:

ئالتۇن قۇلۇپ توققۇز پەردە،
كىلىتى ① مەندە،
ياردىم يىراق بولغان بىلەن،
خىيالى مەندە.
ھەققالالايمەي - دوست ئاللايمەي،
چاي خالتا بىرەي غوجامبەردىگە.
مەن قانداق چىداي يارىمنىڭ دەردىگە

① كىلىت — ئاچقۇچ.

نەزمە توقۇپ، ئاھاڭ تۈزۈپ، خەلق ئىچىدە نامايەندە بولۇپ كېلىۋاتقان 12 مۇقام مەزمۇنىنى بېيىتىپ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ كەلدى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق سازەندى ۋە مۇقامچى قۇربان ئۇستام ئەسلى قۇمۇل ناھىيىسىدىن بولۇپ، دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، بەرباب، غىجەك قاتارلىق سازلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇستىسى ئىدى. ئۇ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە قۇمۇل 12 مۇقامىنىڭ پۈتۈن تەركىبلىرىنى رەتلەپ چىققۇچى باش ئۇستا ئىدى.

قۇربان ئۇستامنىڭ ناخشا ـ سازچىلىقتا ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەنلىكىنى قۇمۇل ۋاڭلىقى ئاڭلاپ قېلىپ ئوردىغا چاقىرتىپ، بەرباب چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، قۇربان ئۇستام بەربابنى راسا سازلاپ ناخشا ئېيتقان ۋاقىتتا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئايالى ناخشا سازنىڭ مۇڭلۇق ۋە شېرىنلىكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن شامەخسۇتنىڭ ئوغۇسى قايناپ «بۇ، مۇناپىقنى نومغا پالاڭلار، ئۆمۈر بويى شۇ جايدا ئۆتسۇن» دەپ قۇربان ئۇستامنى نومغا پالاتقان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇربان ئۇستىنىڭ ئۆمرى نوم يېزىسىدا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھادى سازەندى يېتىشىپ چىقىپ خوجىنىيازھاجى، يولبارسلارنىڭ توي مەرىكىلىرىگە تەكلىپ قىلىنىپ، قۇمۇل، ئۇرۇمچىلەرگە بېرىپ سازەندىچىلىك ۋە نەغمىچىلىك قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ يېزىسىدىكى غوجامبەردى مىراپنى ئۆزىگە بىقارار مەھلىيا قىلىپ قويغاندا، غوجامبەردى مىراپمۇ ئۆزىنىڭ ئايىمخانغا مەھلىيا بولۇپ قالغانلىقىنى ئىزھارلاپ: ئاھ يارەي گۈل شېخىدا ئايىمخان دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلغان! ناخشىنىڭ ئەسلى ئەدەبىياتى مۇنداق:

باغچىلاررەي ـ باغچىلار،
گۈللەر ئېچىلغان باغچىلار.
ئايىمخان ئاڭلاپ تۇرۇك،
سىزلەرگە ئېيتقان ناخشىلار.
قايتارما — ئايەرەي دىلبىرىم گۈلشاخىدا ئايىمخان.

بۇ، ناخشىچى، سازچى ئايىمخان ياسىغان قۇمۇل راۋابىنى شۇ يىللاردا تۇرسۇن شاڭجاڭ دېگەن كىشى بىر ئاتقا سېتىۋالغان بولۇپ، ھازىر قۇمۇل پالۋانتور يېزا دۆۋەجىسىندىكى سەمەت نىياز ئەتىۋالاپ ئىشلەتمەكتە.

ئايىمخان دېگەن ئايالنىڭ ئىجادىيىتى غوجامبەردى مىراپنى قايىل قىلغاندىن كېيىن، ئەرلەر قىلالمىغان ئىشنى ئاياللارمۇ قىلالايدىكەن، دەپ غوجامبەردى مىراپ ئاياللارنىڭ توي ـ مەشرەپلەردىكى ئەركىنلىكىنى قولىغا بەرگەن دەپ خەلق ئىچىدە رىۋايىتى بار.

شىنجاڭ — 12 مۇقام ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىچىلىقىنىڭ قەدىمىي ماكانى. قۇمۇل مۇشۇ ماكاننىڭ ئى-

چىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا - يۇرتى، جۈملىدىن ئارا-
تۈرۈكمۇ ئۇزۇن مەدەنىي تارىخىي ئەنئەنىگە ۋە مەدە-
نىيەت ئاساسىغا ئىگە جايلارنىڭ بىرى بولغىنى ئۈ-
چۈن، قۇمۇل 12 مۇقام ناخشا، مۇزىكىچىلىقىنىڭ قەدى-
مىي شەكلىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا
بېرىنىڭ ئىزىنى بېرى بېسىپ كەلمەكتە.

ناخشا ئاھاڭى، ساز، چۈشۈرگە شەكىللەردىكى
تەرتىپ ۋە ئەدەبىياتىدىكى تىللارنىڭ قىسمەن ئوخشى-
ماسلىق تەرىپى بولسىمۇ قۇمۇل 12 مۇقام ناخشىلىرى-
نىڭ - ئەڭ قەدىمىي كونا مەنبەئى شەكلىنى ئىسپات-
لايدۇ. ئاراتۈرۈك مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ،
ئاھاڭى مۇڭلۇق، رەت تەرتىپى مۇرەككەپ، ئەدەبىياتى
كۆپ خىل، مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە تەدرى-
جىي تەرەققىي قىلماقتا.

ئاراتۈرۈكنىڭ مۇقام ناخشىچىلىقى مەلۇم تارىخىي
دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوخشاشمىغان ھالدا
تەدرىجىي راۋاجلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ ئەينى ۋاقىتتا
دىنىي قائىدىلەر كۈچلۈك بولغانلىقتىن مۇقام ناخشى-
چىلىقىنىڭ تەرەققىياتى چەكلىك بولۇپ، ئەزەلدىن
چالغۇچى بولسىمۇ، ئېيتقۇچىلار ئاز، ئاياللاردىن ئېيت-
قۇچىلار بولسىمۇ چالغۇچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

مۇقاملارنىڭ تەقلىد قىلىنىشى:

مۇقام ناخشىلارنىڭ ئانىسى، چۈشۈرگە ناخشا
ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆز سىستېمىسى بويىچە يۈرۈش يولى
ۋە مۇقام تەركىبلىرىنىڭ 1-، 2 - دېگەن تارمىقى.

12 مۇقام دېگەن سان بىر يىلنىڭ 12 ئېيىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، 4 تەركىب، 4 پەسىلگە تەقلىد قىلىنغان، 24 چۇشۇرگە بىر سوتكىنىڭ 24 سائىتىگە تەقلىد قىلىنغان. 360 دېگەن سان بىر يىلنىڭ 360 كۈنىگە تەقلىد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھەر قايسى دەۋرلەردىكى داڭلىق مۇقامچى، سازچى ۋە ھاپىزلار ئوخشاش كۆز قاراشتا بولۇپ كەلگەن.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توي - تۆكۈن، ئىمدەر، خەتمە توي، مەشرەپلەردىن باشقا كۆك مېلىسى، قاتار مەشرەپ قاتارلىق چوڭ - كىچىك كۆڭۈل ئېچىشلىرى بىلەن يازنىڭ ئۇزاق ئىسسىق كۈنلىرى، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى بەھۇزۇر ئۆتكۈزۈپ كەلگەن.

مۇقاملارنىڭ تەرتىپى ۋە چۇشۇرگە شۆگىلىرى.

1. دور مۇقام. ① - چۇشۇرگە؛ يۇردۇم ئالەمگە چۈشىدۇ. 17 ناخشا.

دور مۇقام. ② - چۇشۇرگە؛ ئۆرۈلدى پەلەككە چۈشىدۇ. 12 ناخشا.

2. مۇستەھزات مۇقام. ① - چۇشۇرگە؛ يالغۇز تۈيۈمغا چۈشىدۇ. 13 ناخشا.

مۇستەھزات مۇقام ② - چۇشۇرگە؛ ئاي خېنىم ئالتۇن خېنىمغا چۈشىدۇ. 16 ناخشا.

3. خۇپىتى مۇقام. ① چۇشۇرگە؛ بەگلەرەيگە چۈشىدۇ. 19 ناخشا.

خۇپىتى مۇقام. ② - چۇشۇرگە؛ جانغا شۇنداق قىلىسىلاغا چۈشىدۇ. 13 ناخشا.

4. چەببيات مۇقام. ① ـ چۈشۈرگە: جانىكامغا چۈشىدۇ. 19 ناخشا.

چەببيات مۇقام. ② ـ چۈشۈرگە: كەشتىم شۇ جانىدىن-غا چۈشىدۇ. 13 ناخشا.

5. مۇشاۋىرەك مۇقام. ① ـ چۈشۈرگە: دەردىڭگە دەۋاغا چۈشىدۇ. 13 ناخشا.

مۇشاۋىرەك مۇقام. ② ـ چۈشۈرگە: شەمشەۋا تەركىبكە چۈشىدۇ. 11 ناخشا.

6. ئۆزھال مۇقام. ① ـ چۈشۈرگە: دەردى لىۋا-غا چۈشىدۇ. 13 ناخشا.

ئۆزھال مۇقام. ② ـ چۈشۈرگە: ئاي بەدەتكە چۈشىدۇ. 10 ناخشا.

7. چارگاھ مۇقام. ① ـ يارىلاررەي، يارىلارغا چۈشىدۇ. 8 ناخشا.

چارگاھ مۇقام. ② ـ چۈشۈرگە: سالىخان سايلاردا ھەمرايىڭ بولاي. 11 ناخشا.

8. ئىراق مۇقام. ① چوڭ دەردى يامانغا چۈ-شىدۇ. 12 ناخشا.

9. دولان مۇشاۋىرەك مۇقام. ① ـ مەستانە قەلەم قاشلىققا چۈشىدۇ. 11 ناخشا.

10. ئۇلۇغ دور مۇقام. ① ـ ھاي ئۆلەڭ ـ ھاي ئۆلەڭگە چۈشىدۇ. 9 ناخشا.

11. راك مۇقام. ① سايراڭ بۇلبۇلۇمغا چۈشىدۇ. 8 ناخشا.

12. دوئاي مۇقام. ① ئىسلام بېگىمگە چۈشى-دۇ. 9 ناخشا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى تەرتىپلەر رەتكە تۇرغۇزۇلغاندىن كې-
يىن يۇقىرىقى بەش مۇقامنىڭ 2 - چۇشۇرگە شۆگىسى
رەتلىنەلمەي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ شۆگە تەرتىپ-
لىرى ئاساسىدا ناخشا ئېيتىلىپ كېلىۋاتماقتا.

ئەندى تۆۋەندىكى مۇقام ئەدەبىياتلىرىغا نەزەر
سېلىپ باقايلى:

سىياتى خەلقى ئالەمنى خۇدانىڭ قۇدرىتى قىلدى،
ئۇشۇلەي قانۇن بالادا روھىمىزغا رەھمىتى قىلدى.
بىرىنى بېھىشتە قىلدى، بىرىنى دوزىخى قىلدى،
ئۇشۇلەي روھانىنىڭ دەر، ھېممەتىن جۇملىسىنى.
ئۇمبەت قىلدى.
ياراتتى ھەزرىتى ئادەمنى ۋۇجۇت ئەيلەپ
ئۇشبۇ ھاۋانى،
سېلىپ ئىشقىدا كۆرسەتتى، يۇسۇپكە ئول زىلخانى،
مۇھەببەت گۈل غۇنچىسىدۇر، ئۇل پاتىمەي زوھرا،
ئېلىپ ئول مۇرتازاغا چەشمە ئەيلەپ كەشتىلەر سەبرا.
ئاناسىدىن يېتىم قالغان كىيىك ئوغلاقىدەك يارىم،
كۇچار شەھرىدە بارمىكىن ھەسەن ئەۋلادى ئىبراھىم.
نەمەنگان شەھرىدىن چىقسام چۆل - باياۋەنلەرنى
كەزسەم،
غېرىبلىق شەھرىدە ئۆلسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟.
سېنىڭ دەردى پىراقىڭدا گۈلدەك يۈرىكىم قىنىپ-
قىزىل قاندۇر،
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن كۆڭۈللەر ھەردەم پەرىشاندۇر.

يىگىتلىك كەتتى ئىلكىمە ئۆز ئىزىلگۈچنى خەلقـ
ـىنىڭ مېھرى داشەپ.

جاپانى كىم تولا تارتسا ئالۇر گۆھ، دتىن - ئەۋلادقا
كېرەملىك پادىشاھىمىسەن سورارغا ئەردە ئەۋۋەل
قىيامەت قازىسى سەن مېنىڭ ئەرز ھالىمە تۆكمەس،
سەھەرخا كەتتى ئۇيقۇم تېخى مەجنۇنداق كە-
چەكمەي، ئەلەم چېيدۇ،
ئۇلار شاھىدا كەلتۈرگەن نىگايەتلەر ئال-
قەلەم چەكتى.

دۆلىتىڭ باقى ئەمەستۇر بولمىغىن مەغرۇر،
چەلەك كۈندە يۈزىڭ چۆگىلىدۇ، سەن نىگاھ ئەيلە.
سېنىڭ ئىشقى بازارىڭدا يۈز - ئاشىقلار ئاراسەۋدا،
بۇلار سودا بىلەن ھەيران جاھان بازارىدا يۈز-
ىنىڭ غەۋغا.

نىگاھى شۇبۇ ئەزەلدە لوھى مەھبۇس
يېزىلمىشلەر،

ھەسەن ئەۋلادى ئىبراھىم نەمۇرۇت قىلدى سەھرانى.
كېسەلنىڭ دۆلىتى يەتتى، پىراقىنىڭ ئەۋدىلى ئۆچتى،
كۆڭۈللەر مەنزىلىدىن غۇسلىمىغا لەشكىرى كۆچتى.
يېشىل تون بىرلا ئالتۇن، تۇگمۇلىرى
زەرىپە ئاندىن،
قەدىمى نارىنجى رەڭلىك گۈل سەمەر ئاندىن.
ئاتاسى شاھى مەردانۇر، ئاناسى پاتىمە، زوھراھ،
بېشىمنى سەيدىگە قويۇپ دېگەيمەن رەبىمەل ئەلا.
جاھان ئەجەب خىسراۋ كابادا قەنى خىسراۋ،

قېنى جەمشىدى - ئىسكەندەر؟ قېنى رۇستەمى دەستان؟
پەلەكنىڭ چاقى چۆگۈلدى جاھاننى ئالدى
قۇنتەيجى،
خۇدانىڭ ئەمرىگە بۇنەمەس ئاتاڭ قالماق، ئاناڭ باجى.
تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز، ئېگىلگىل ئاسمانچە
بولساڭ،
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت، سۇلايمان تەختىدە
بولساڭ.
تەكەببۇر ئەيلىمەك يادەت، ئېگىلدى ئاسمان بولدى،
قېمىشنى كۆرمۇدۇڭلارمۇ، باش چىقاردى بۇرىيا بولدى.
ئۆلۈپتۇ خەستىلەر كۆڭلۈم، غەم بىلەن ھەرگىز
تىرىلمەيدۇ،
ئۆلۈپ پەرىيادىلەر چەكسەم، قەبرىدىن ئاۋازى كەلمەيدۇ.
گۇناھىم بىھېساب كۆپتۇر، مەن ساڭا ئەرز
ئېيتقىلى كەلدىم،
گۇناھى زەنجىرىدىن بوينۇمنى، ئازاد ئەتكىلى كەلدىم.
قېنى مىڭ ياشىغان لوقمان، ئۆلۈمگە ھىيلىلەر
قىلغان،
تۆۋۋە قىلمىغاچ غايىل، ئۆلۈمگە تاپمىدي دەرمان؟
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلدى، قېچىڭلار باغى بوستانغا،
ئۆلۈمگە ھىيلىلەر يوقتۇر، تاماشا قىل گۆرىستانلار.
تىۋىپلەر تاپمىدىلەر ئۆلۈمنىڭ دەردىگە
دەرتمەنلەر.
نەدەپتۇرلەر خالايىقلار، غازاڭ بولدى گۈلۈستانلار.
قۇمۇل ناخشىلىرى، قۇمۇل خەلقىنىڭ بىرىدىنبىر

ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ ئېزىلگۈچى خەلق-لەرنىڭ دەرد - ئەلەم ۋە كىشىلەرنىڭ مېھرى - شەپ-قىتىنىڭ سىموۋولى بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلمەكتە. توي - مەشرەپلەردە ئەۋۋەل ئاخشام ناخشا ئېيتىش باشلانسا بېيتلىرى تۈگىمەس، مۇڭى تۈگىمەس - پۈتمەس بولۇپ، ھەر قانداق كى-شىنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. ئاڭلىغۇچى زېرىكمەيدۇ، بەلكى ھوزۇرلۇق ھېس قىلىدۇ.

## 2) توي - تاماشىلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى نىكاھ ئەركىنلىكى بولمى-غانلىقتىن يىگىت، قىزلارنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىشى يوق بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىشىپلا تويلىشاتتى. يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايتتى. شۇڭا نۇرغۇنلىغان ياشلار ئۆيى بولۇ-شالماي نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتەتتى.

توي ئىشلىرىنىڭ بېجىرىلىش رەسمىيەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولۇپ، يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئوغلى-مىزنى ئوغۇل قىلىۋالساڭلار، قىزىڭلارنى بىز بالا قى-لىۋالساق» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن چېكىپ باقىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى رازىلىقىنى ئىزھار قىل-سا، ئىككىنچى قەدەمدە يىگىت تەرەپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ توي توختام قىلىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە قىزنىڭ يېشى قاتارلىق كونكرېتنى ئىشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى توي ۋاقتىنى كەيىنگە سۈرۈشنى ئېيتسا بىر مال سويۇپ ئاش يېيىشىپ قويىدۇ. بۇ، دەسلەپكى كىچىك توي ھېسابىدا بولىدۇ. بۇ، ئاش يېيىش دەپ ئاتىلىدۇ.

توي قىلىش ۋاقتى كېلىپ، شەرت - شارائىت ھازىرلانغاندا توي توختامىدا بېكىتكەن تويلۇقلارنى قىز تەرەپكە داقا - دۇمباق سازلارنى چېلىپ، توي باشلاش ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، رەسمىيەت بويىچە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ تويلۇق تاپشۇرۇش دېيىلىدۇ. بۇرۇندا توي سېلىقى ھەر - قايسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىپ، ھال - ئەھۋالى ياخشىراقلىرى 9 پارچە رەخت، 9دىن ئارتۇق مال، 9 كۆرى بۇغداي، 9 شىڭ گۈرۈچ ياكى تېرىق، جىگجىنىڭ قوناقتا ئاقلانغان توگە (سېرىق قوناقنى كۆزدە تۇتىدۇ)، 9 جىڭ سۇ ماي، 30—40 چىڭ جىگدە، گازىر، دادۇر، قاق قاتارلىق مېۋىلەرنى بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا تويلۇق ئۈچۈن 9 ھارۋا ئوتۇن بېرەتتى (كۆتەك ھارۋىدا).

كەمبەغەللەرنىڭ تويلىقى بۇنىڭدىن ئازراق ئىدى. بايلارنىڭ تويلىقى بەك ئېغىر بولۇپ، بەزى كەمبەغەللەرنىڭ ئوغۇللىرى بايلارنىڭ قىزىنى ئېلىش توغرا كەلگەندە توي سېلىقىغا قۇدرىتى يەتمەسە

قىزلىنىڭ ئۆيىگە «كۈچ كۈيئوغلى» ① كېلىپ تۇغرا بولۇشقا كېلىدۇ.

توي رەسمىيەتلىرى:

توي باشلانغان كۈنى ئەتىگەندە ئىككى تەرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن خىنا (سوۋغات) ئۇتىشىدۇ. خىنىلىقى بىر كىيىملىك رەخت بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن ھەر قايسى توي ئىگىلىرى ۋە قازى مۆيتىلار بىرلىكتە سائەتكە قاراپ نىكاھ ئوقۇش نى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاش تارتىلىدۇ. (قىز تەرەپ ئەرلەرگە، ئەر تەرەپ ئاياللارغا ئاش بېرىدۇ). توي كېچىسى ئىككى ئۆيدە توي بەزمىسى ئۆيۇشتۇرۇلۇپ، چوڭ ياشلىقلار ئۆيىگە قىز تەرەپ مەسئۇل بولىدۇ. يىگىت تەرەپ ئۆيىگە ئەر تەرەپ مەسئۇل بولىدۇ.

كېچىسى تۈنىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىغا بارغاندا قىز تەرەپ نىڭ ئالدىغا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى تۇققۇز تەزىمگە بېرىپ ئاخىرى نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھ ئوقۇش تىن بۇرۇن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولىدۇ. قىزنىڭ ھەققى مەھرىسى توختام قىلىنىدۇ (91 دىن 111 گىچە). شەھسى كەبە مەھرىسى بىلەن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھتىن كېيىن قىز كۆچۈرۈلىدۇ. قىزنى ئىككى تەرەپنىڭ بەلگىلەنگەن يەڭگىلىرى كۆچۈرۈپ، يىگىتنىڭ ھۇجرىسىغە يەتكۈزۈپ بارىدۇ.

توينىڭ ئىككىنچى كۈنى، قىزنىڭ يۈز ئاچقۇسى، يىگىتنىڭ چاچ چۇشۇرگىسى بولىدۇ.

① «كۈچ كۈيئوغلى» ـ ئۆمۈرلۈك بىللىقىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆۋەندە يۈز ئاچقۇ ۋە چاچ چۈشۈرگە ھەققىدە قىسقىچە ـ توختىلىمىز.

1. قىزنىڭ يۈز ئاچقۇسى: قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىشتا ئاياللار يىغىلىپ توي ناخشىسى ھاي ـ ھاي يۆلەننى ئېيتىپ، جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر تەرەپتە ھېمىزلار ناخشىنى باشلىۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر چوكان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ قىزنىڭ يۈزىنى خالۇ (نۇغۇچ) بىلەن ئاچىدۇ. ھەممە يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ سېپى ئېچىلىپ، قىزنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىملىرى ئالدىغا قويۇلىدۇ.

2. يىگىتنىڭ چاچ چۈشۈرگىسى: يىگىتنىڭ دوستلىرى يىغىلىپ ناخشا ـ سازلار بىلەن يىگىتنىڭ چېچىنى يالغاندىنلا چۈشۈرگەندەك قىلىپ قىز تەرەپنىڭ كۆيۈلۈك كىيىملىرىنى كىيگۈزىدۇ. ۋە قىزغىن ئۇسسۇل ئويناپ مەشرەپلەرنى باشلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن ۋە كۈيئوغۇلغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشاللىنىپ ھەر ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ئۇستا بېيتچىلار تەسىرلىك بېيتلىرىنى ئېيتىشىدۇ.

قىز تەرەپ بېيىتى:

ئاقىنە ياغلىق ئېچىدە،
بىر توگۈن گۈل ساقلىدىم.
گۈلنى ئېلىپ بېشىمغا،
تاجا قىلىپ سانچىدىم.

ئەل خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن،
ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.
بالا قىلىشىلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە.
كىشى كۆرسە گۈلدەككىنە،
خىزمەت قىلار ئەردەككىنە.

• • •

يىگىت تەرەپ بېيىتى:

بىزمۇ ئوغۇل ساقلىدۇق مۇللائالىم،
خېنىم بالام تولۇم ئايىم.
كېچە كۈندۈز تىلىۋىدۇق،
ئەندى بەردى خۇدايىم.
بازارلاردىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
مەلىلىرىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى لەڭخار، بىرى مېيخار،
قاملىشىپ قالار.
قاچۇرىنىڭ يىلىمىدەك،
يېپىشىپ قالار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

تاماشىبىنلار ئارىسىدىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئېيتىدۇ:

تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
نەددىن چىقتى بۇ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

قالغانلار «بارىكاللا قىيقاش!» دەپ تۇۋلاپ مەيدانىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئارقىدىنلا چوڭ ياشلىق مومايلاردىن ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ توي ساھىپخانلىرىنى مۇبارەكلەپ بۇ نەزمىلەرنى ئېيتىدۇ:

ئەتىگەن قوپار① بولغاي،
تۇرنۇك ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇللۇق بىر قىزلىق بولغاي،
قوتانداقويلۇق، بەلچىردە② كالىلىق بولغاي.
ئۇچى ئۇزارغاي، تۈۋى يېيىلغاي،
قۇدۇقتا تاش سالغاندەك بولغاي.
قاچورا يىلىمىدەك يېپىشىپ قالغاي،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي!

دېگەندەك مۇبارەك سۆزلەرنى ئېيتىلىپ، كۆپچە-

① قوپار — تۇرار.

② بەلچىر — ئاچا تۇۋاق دېگەن مەنىدە.

لىك خۇشاللىق سادالىسى ئىچىدە تويىنى بىرلىكتە تەبـ
رىكلىشىدۇ. توي ئىگىلىرى جامائەتكە ئىشائالللا دەپ
رەھمەت ئېيتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن يۈز ئاچقۇ ئاخىرلىشىدۇ. قىز
يەنە يىگىتنىڭ ھەلىسىگە ئەپ مېڭىلىدۇ. بۇ چاغدا
يىگىت تەرەپتىن يول توسىغۇچىلارغا ھاراق، مېۋەقاتارلىق
يەل - يېمىشلەرنى بەرگەندىن كېيىن يولنى ئېچىپ بېرىدۇ.
توينىڭ 3 - كۈنى چىللاشقا بولىدۇ. يىگىت تەـ
رەپ ئالدى بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە
يېقىن تۇغقانلىرىنى چىللاپ تاماق بېرىدۇ. بۇنىڭغا
20— 30 دەك كىشى قاتنىشىدۇ. ئاندىن كېيىن قىز
تەرەپ يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىـ
رىنى چىللايدۇ. توي ئاخىرلىشىپ 9 - كۈنى توقـقۇز
قىلىپ، قىزنى ئاتا - ئانىسى ۋە ئەل ئاغىنىلىرىـ
نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، مېھمان بولغاچ ئەل ئاـ
غىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەم بىر ئاخشام مەشـ
رەپ قىلىپ ئوينايدۇ.
بۇ مەشرەپتە توقـقۇز - توقـقۇز دېگەن بېيىتلەر
ئېيتىلىدۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر گۈزەل
رەناغا ئىگە بولغانلىقىنى ۋە كۆڭلىنىڭ بىقارار مەھـ
لىيا بولۇپ قالغانلىقىدىن چىن كۆڭلى بىلەن
بۇ بېيتنى ئېيتىدۇ:

بىرىنچى كۆردۈم بىر خېنىم،
دەر باغلىدىم بولمىدى ھېچ.
ئىككىنچى كۆردۈم ئەخلەقا،

پەيغەمبەردىم ئوغلى ياقۇپ.
خەت پۈتەي نامىڭ ئوقۇپ،
يار مۇنتەزار ئەتىڭ مېنى.
ئۈچىنچى كۆردۈم ئۈچ ياشدا،
ۋە چىن رۇمالى باشىدا.
ئوسما داغى قاشىدا،
يار مۇنتەزار ئەتىڭ مېنى.
تۆتىنچى كۆردۈم تۆتى گۈل ،
قەپەزدە سايرايدۇ بۇلبۇل.
سەن ئېچىلغان تاجى گۈل،
يار مۇنتەزار ئەتىڭ مېنى.
بەشىنچى كۆردۈم قاشىنى،
ئۇراپ تاشلايدۇ ساچىنى.
جۇگانلارنىڭ سەن لاچىنى،
يار مۇنتەزار ئەتىڭ مېنى.
ئالتىنچى كۆردۈم ئولتۇرۇپ،
بەرگەن چىناگىنى تولدۇرۇپ.
شېكەر لېۋىڭنى سۆيدۈرۈپ،
يار مۇنتەزار ئەتىڭ مېنى.
يەتتىنچى كۆردۈم ھەددىنى،
قاش قاۋىقى قەددىنى.
بىلمىدىم ھېچ پەندىنى،
يار مۇنتەزار ئەتىڭ مېنى.
سەككىزىنچى كۆردۈم سەھەردە،
گۈللەر ئېچىلۇر باھاردە.

بىر سۆيۈشۈم نەھەردە،
يار مۇنتىزار ئەتىڭ مېنى.
توققۇزىنچى كۆردۈم تولغىنىپ،
يارىم چىقادۇر ئۆيغىنىپ.
ساچى بېلىگە چۇلغۇنۇپ،
يار مۇنتىزار ئەتىڭ مېنى.

يىگىت يەنە ئۆزىنىڭ ھالال جۇپتىنى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ ئونئىككى ئاي بىر يىلدا تاپتىم ماۋزۇلۇق بېيىتنى ئوقۇيدۇ:

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم، ئۇل پەرى رۇخسارىنى،
ئىككى كۆرسەم كۆيدۈردۇ كۆزلىرى خۇمارىنى:
ئۈچ كۆرۈپ ئەرزىمنى ئېيتاي مېھرىبان سىز يارىمغا،
تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرمەن خەنجىرى تەييارىنى:
بەش كېلىپ ئالدىڭدا جان بەرسەم شەيدايى
ئىشقى مەن،
ئالتى كۆرسەم دەپتىرىڭنى كۆزلىرى خۇمارمەن.
يەتتى ئىخلىمىدىن تاپالماسمەن بىر سىنىڭدەك خانىنى،
سەككىز ئۇچماقتىن تاپۇرمەن، بىر سىنىڭدەك جانىنى.
توققۇز چۆگەلسەم بېشىڭدىن، ھەر تېنىڭدە جانى بار،
ئون قولزۇم بىلەن ئېرتاي، ئاي ئۇزۇڭ تۇپراقىنى.
ئون بىرى سالدىم جۇدالىق مېھرىبان سىز يارىغا،
ئون ئىككى ئاي بىر يىلدا تاپتىم، بىر سىنىڭدەك
ياخشىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى بېيىت نەزمىلەر، توي - مەشرەپلەردە يىگىتلەر بىلەن چوكانلار بىر - بىرىنى مەدھىيىلەيدىغان بېيىتلەرنى ئېيتىشىپ پوتا ئوينايتتى. بېيىت ئېيتالمىغانلار ئۇسسۇل ۋە باشقا خىلدىكى ئويۇنلار ئارقىلىق پوتىغا توسىغۇچىنى رازى قىلاتتى.

### 3) ھەر خىل تېمىدىكى بېيىتلەر

ئەي يارىم سېنىڭ ئوتۇڭ يۈرەكىكە يەتتى،
خەنجەر پىچىقىڭ سۆڭەككە يەتتى.
رەھىم ئەيلىگىل يارىم بۇ جانىمغا،
يەتسەڭچۇ خېنىم بۇ ھالىمغا.
چىمەن ئىشقىدا بۇلبۇلدەك،
مەن ساڭا ئاشنا بولدۇم.
سېنى دەپ بۇ جاھاندا،
تامامى ئەلدىن جۇدا بولدۇم.
ئاشىق ئوتىغا سۇ قۇيسا،
يەرگە زەررە نەم بولماس.
يىگىتنىڭ ئۆلگىنى بىلەن،
چوكانغا ئەسلى غەم بولماس.
مەن كىچىك نادان چېغىمدا،
ئاشنا بولدۇم ساڭا.
چاغلىماي كۆڭۈل بېرىپ،
خارىزار بولدۇم ساڭا.
خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەردىم،

مېھرىبان يارىم ساڭا.
ئۇقۇتۇپ كۆڭلۈڭگە ئالغىل،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.
كېچە-كۈندۈز يىغلىماقتىمەن،
باشقا ئىش يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمنى،
كىم بېرىپ ئېيتسۇن ساڭا.
گۈلى سۆسۈن گۈلىنى كۆرۈڭ،
ھەر تەرەپكە قايىرىلىدۇر.
بەۋاپا يارنى كۆرۈڭ،
ئۆلمەي تىرىك ئايىرىلىدۇر.
قىزىل گۈلنىڭ سايىسى،
سايىنىڭ بۇلاقى.
ئەجەبمۇ دۇشقار ئىكەن
يولنىڭ يىراقى.
يول يىراقى جان يىراقى،
سۆزى شېرىنگە سالام.
ئۆزگىلەرگە بىر سالام،
يالغۇز ئۆزۈڭگە مىڭ سالام.
قارچىغام قۇشلاپ يۈرۈيمەن،
سالغىلى ھېچ نەرسە يوق.
بارچە ئالەمنى كېزىپ باقسام،
بىر سېنىڭدەك ياخشى يوق.
بارچە ئالەم بىر سېزى،
يالغۇز ماڭا سەن بىر سېزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلپۈنۈپ قۇشتەك ئۇچۇرمەن،
ھەر زامان سىنىڭ سېرى.
مېھرىبانىدۇر ئۆزلىرى،
شېكەرگە ئوخشاش سۆزلىرى.
بىر كۆرۈشمەكلىك بىلەن،
جېنىمنى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس،
جۇملە ئالەم قىزلىرى.
كۆزىمىزگە توتىيادۇر،
يولدا باسقان ئىزلىرى.
ئۆزۈم بۇندا بولغان بىلەن،
سىزدە خىيالىم.
سىزنى بىزگە قوشارمىكىن،
پەرۋەردىگارىم.

## سېغىنىش ھەققىدىكى بېيىتلەر

قانلار ئاقىدۇ ئىككى كۆزۈمدىن.
شېكەر تامىدۇ ئېيتقان سۆزۈڭدىن.
ھەر كۈنى ئۆزۈمنى ئوتقا سالۇرمەن،
ئىزدىسەم مەن سېنى قايدىن تاپۇرمەن.
قاشىڭنىڭ قاراسىغا قاتقىل مېنى،
ئاشىقلارنىڭ بازىرىدا ساتقىل مېنى.
ئاشىقلارنىڭ بازىرىدا ئۆتىمىسەم.
قاشىڭنى ئوق قىلىپ ئاتقىل مېنى،

# ئاجايىپ نازىنىنى كۆردۈم

ئاجايىپ نازىنىن كۆردۈم قەمەر رانە گۈلى زەر،
سۆزلىرى شېرىن، چىشلىرى گۆھەر، لەۋلىرى شېكەر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك نۇر چېچىلدىھەر تەرەپ،
جامالىنى كۆرۈبان، ئاقتى ياشىم شارقىراپ.
سىلكىنىپ ئورنىدا تۇردى، تولۇن ئايدەك پارقىراپ،
ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ، بولدىمېنىڭھالىمخاراب.
بۇ خارابلىق دەردىدە مەستانە بولدۇم ھەر زامان،
جاق ئېتىپ ئايلىدا مەن، پەرۋانە بولدۇم شۇزامان.
قانىتىم توكۇر بولۇپ، سۇندى سولاشتى بەتامام،
ئاشىقلىقنىڭ دەردىدە كۆيدۇم ئەجەپ بىيگۇمان.

× × ×

جانىم سالام بويلىرى، لەھلى ياقۇت،
شادۇ - شېكەر مېھرىبانىمغا سالام.
كۆزلىرى ئوينار كىيىكتەك،
شېرىن زىبانىمغا سالام.
سېنى كۆرسەم، مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلسا،
سېنىڭدەك نازۇك يارىم ئىلكىمدە بولسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزدەك سادىق قۇللۇرۇڭ خىزمەتتە بولسا،
كىچە كۈندۈز خىزمەت قىلىپ ئاۋارزىم ① قانسا.
ئاشىقلىقىنىڭ قارارى يوق،
سېنىڭ بۇندا تۇرارىڭ يوق.
سېنىڭدەك بەۋاپا بۇ جاھاندا يوق،
سېنىڭ سالغان ئوتلۇرۇڭ باغرىمدا چوغ.

× × ×

جۇملە گۈللەر ئاچىلۇر، قىزىل، يېشىل تاغلار ئارا.
لەيلى گۈللەر ئاچىلۇر، رەڭمۇ رەڭ باغلار ئارا.
رەڭمۇ رەڭ باغلار ئارا ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ قارلىغاچ.
جېنىمنى پەريادى قىلدىڭ سەنكى زالىم قاراقاش.
مېنى سېلىپ بۇ كويلارغا باغلىدىڭ باغرىڭغا تاش.
ئىچىمدىن قانلار ئېرىيدۇ، كۆزۈمدىن قەترە ياش.
سەن يارىمنى سۆيمەك ئۈچۈن باشقىلار تامادىدۇر،
ئىككىمىزنى ئايرىماق ئۈچۈن يامانلار دۈشمەنىدۇر.
ئەي زىبانىم، مېھرىبانىم ئەزىز جانىم بەندىدۇر،
دۈشمەن سۆزىنى ئاڭلىمايلى ئىككىمىزگە پەندىدۇر.
نە دېيىشتۇق، نېمىلەر دېيىشتۇق،
ئەۋۋەل باشلاپ تېپىشقاندا قانداق ۋەدىلەر بېرىشتۇق.
قارا قۇچقاچ بالىسىدەك كۆڭۈل ئېلىشتۇق،
تۇغۇلغانىڭغا پەريادى ئەيلەپ جۇدا بولۇشتۇق.

× × ×

① ئاۋارزىم — تەشنالىقىم

# ئەي نۇرۇستە گۈل

چېچىڭ سۇمبۇل، قەلەمقاش،
سۆزۈڭ شېرىن، قارا كۆز.
ھۆسنى جامالىڭ ئاپتاپ تەلئەتلىك،
ۋە مۇشتېرى سائەتلىك.
مېھرى ـ ۋاپا شەپقەتلىك،
مەن ئايلىناي جامالىڭدىن.

باغى بانلار ئانار باغى،
ئايرىلىپ ئاقتى يۈرەكىنىڭ داغى.
ئېسەن بولسۇن يارىم بېشىڭ،
گۆھەر ياقۇت كۆز يېشىڭ.

جانىنى ئالۇر قىلغان ئىشىڭ،
باغۇ بانىمسەن باغىڭ بار.
باغلىرىڭ ئىچىدە ئانارىڭ بار،

قۇربان قىلاي جانىمنى ساڭا.
رەھىم قىلىپ باققىل ماڭا،
بارچە ئالەم قۇلدۇر ساڭا.

ھەر كىم كۆرسە ھۆسنۈڭگە كارۋان،
سەن يۈرۈرسەن سۇرۇپ دەۋران.
لېۋىڭ شىكەر ئاھلىرىڭ شاتتۇر،
كۈندە يۈزىڭ غەزىنەڭ ئاچىلۇر.
سۆز قىلساڭ ئاغزىڭدىن،
گۆھەر ـ ياقۇتلار چاچىلۇر.

ھەر كىمنى ياخشى دېسە سېنىڭچە باردۇر،
ئەلىمىڭدا دائىم تەسۋە نىشاندۇر.
ئۆزەڭ تەنگە مېھرى ۋاپادۇر.
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا سىنەمنى داغلاپ.
ئارمان بىلەن چەندان يىغلاپ.
تۈگمەيدۇ مېنىڭ ئەرزىم.
سارغىيىپتۇ رەڭگى روييۇم.
غېرىپلىقتا دۇئا گويۇم.
قىلاي گاھى يارىم بولساڭ.
كۆزۈمدىن ئۇچتى تېنىمنىڭ بولغۇپ پەرۋان.
پەلەك قىلدى بىزنى نالان.
شەھرى ئىچىدە كوچا-كەلۇۋان.
خوش مەنزىللەر ئاندا قالدى.
مۇشكۇل بولدى مېنىڭ كارىم.
پەلەك ئەقلىمنى پەس ئەتكەر.
ئەرزىمنى ئاڭلاشنى خالىماق.
ئارمان بىلەن مېنىڭ ھالىم تەمەس ئېيتەي،
يوللار غېرىپ بولار كارۋانلار سەۋلىما.
مۇرادى ھاسىل بولغۇر مۇڭلارىمنى ھەل بولما.
خاراب بولغۇر مۇلكىمگە سەۋداسى بولما.
ئاشىقى يىغلاپ مەھبۇبىمدىن ئايرىلما.
يۈرەكىمنى ئىشق ئوتىدا داغلىدىم.
بۇ دۇنيانى ۋاپاسىز دەپ ئاڭلىدىم.

خازان بولدى ئېچىلمايدۇ گۈلىستانىم،
ئەگەر ئۆلسەم غېرىپ بولۇر مازارىم.
چۈشتى بىزگە ئارا پەلەكنىڭ پىراقى،
مەن ئايلىناي ئۆچسە ئۆمۈرۈمنىڭ چىراقى.
جېنىم چىقسا، تېنىم لەھەتتەدۇر توپراقى،
كېلىڭ يارىم كۆرۈشەيلى!
يات بولساق بىز تونۇشايلى!
ئەي جاھاننىڭ شاھى دەۋرانى.
مۇقەددەم خاتىرىڭ كۆڭلى بىنەۋا.
مەن بولۇپمەن گۈل يۈزۈڭنىڭ شەيداسى.
غېرىپ بولسۇن ئاشىقنىڭ دەردى باقاسى،
جامالىڭغا يارىشۇر بۇ سۆزۈمنىڭ باھاسى.
يالغانچى دېمەڭ بەرھەقتۇر،
سۆزۈم مېنىڭ قارا كۆز.
سەن مېنىڭ يارىم بولساڭ،
ماڭا قىلغىل بىر ياخشى سۆز.
سەن ـ سەن مېنىڭ تولۇن ئايىم،
خۇشمۇ جۇۋان ئوتۇڭ يامان.
ئېمەن بولسۇن بېشىڭ ئامان،
قىزىل مەخمەل چادىرىڭ.
ئېسىمدىن كەتمەس خاتىرىڭ.
بولماس مېنىڭ دەردىم ئادا،
بولماس ئەردىم سەندىن جۇدا.

× × ×

# سېغىنىپ ھالىم خاراب

كۆرمەسەم يارىم سېنى سېغىنىپ ھالىم خاراب،
رەھمە قىلىپ كەلسەڭ نەبولاناي خەستەھالىمنى سوراپ.
ئاقىتىم يوقتۇر خېنىم جامالىڭنى كۆرگىلى ئالدىراپ،
ئىشقى ئوتتۇگدا كۆيدى باغرىم. ئاقتى ياشىم شاقىراپ.
سۆدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ياتمەن باشىم سېلىپ،
سورىمىدىڭ ھالىمنى سەن بى رەھمى يارىم كېلىپ.
قالمىدى سەبرى قارارىم بىر زامان ئۆلتۈرغىمدەك.
بار ۋۇجۇدۇم غەمگە توشتى سەن يارىمنى ياد قىلىپ.
بىر كۈنى سۆيسەم سېنى يېتەر كۆڭلۈمگە شاتلىق.
كېچە - كۈندۈز سەن يارنى دەپ دىۋانە بولدۇم
ئاقىۋەت.
ئەل ۋە يۇرتۇمدىن كېچىپ - غۇربەت ئاراستى چېكىپ،
سەن گۈلۈمنىڭ ئىشقىدا دىۋانە بولدۇم ئاقىۋەت.
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي يارىم كېچە - كۈندۈز
يىغلادىم مەن،
ئەمدى ئۆزۈڭگە يارغۇنچە سېنىڭ دەردىڭدە ياتۇرمەن.
كۆيۈپ ھەسرەت ئوتى بىلەن يىغلاپ كېتۇرمەن
تۈنۈ تۈتيادىن.
كېچە - كۈندۈز ئىسۇدىم تالىپ مىڭ سىنى قايسى
تۈتيادىن.
[illegible] سېنىڭ [illegible] جامالىڭنى،
[illegible]

يۈرىكىم بولدى جاراھەت باغلىدى زەردابى قان.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە كۆيەۋا ئاز قالدى جان.
ئەي خېنىم ئىشقىڭدا مەن، ئىشىق ئوتۇڭ بىسيارىدۇر،
كىم مېنىڭدەك ئۆرتۈنۈپ، جامالىڭغا زارىدۇر.
ئۆلتۈرۈرگە - تىرگۈزۈرگە مەخسىتىڭ بولسا خېنىم،
ھەر جاپا سالساڭ ماڭا ئاشىقىڭ تەييارىدۇر.
سېلكىنىپ ئۆيدىن چىقىپ بىر تەرەپكە باقمىدىڭ،
ئاي يۈزۈڭگە كىم مېنىڭدەك موپتىلايى زارىدۇر.
كۆيدى ئىشىق ئوتى بىرلە يۈرەك باغرىم بىر تۇتاش،
يۈرەكتىكى قانلار قۇرۇپ قالمىدى كۆزۈمدە ياش.
ھېچ كىشى بۇ مېنىڭدەك ئىشىق ئوتىدا كۆيگىنى يوق،
سەن ئۈچۈن شۇبۇ ئوتتا كۆيگىنىمنىڭ سانى يوق.
نەچچە يىللاردىن بېرى ئوتىنى سالدىڭ ئىچىمگە،
شۇ ئوتلارنىڭ پۇرقىتىنى ھېچ كىشى بىلگىنى يوق.
ئاشىقلارنىڭ بازىرىدا بولدۇم خېرىدارىڭ سېنىڭ،
بارچە ئالەم ئىزدىمەيدۇ زۇلپا زۇننارىڭ سېنىڭ.
مەست بولۇپ مەجنۇن بولۇپ قىلار ئىشىمنى بىلمىدىم،
ياتىمەن بۇلۇڭدا مەن، بولۇپ گادايىڭ سېنىڭ.
باشتا مەن نادان ئىكەنمەن بىلمىدىم قەدرىڭنى مەن،
چۈشۈپ ئىمدى ئىشىق ئوتۇڭ ئەمدى بىلدىم
قەدرىڭنى مەن.

ئەي يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا سەھەردە ئويغىنىپ كەلدىم،
يىراق يەردە تۇرالماستىن كوينىڭدا قىزغىنىپ كەلدىم.
قەيەردە سېنى كۆرسەم ئاي ۋە كۈن دىدارىڭ بولغاچ،
ئۇرۇپ بېشىمنى قارا يەرگە ئىلاندەك تولغىنىپ كەلدىم.

بىر كۈنى ئالدىمغا چىقتى دىلبىرى رەنا ئۆزى،
قاش ئېتىپ كۆڭلۈمنى ئالدى، مېھرىبان شېرىن سۆزى.
گاھ كۆرۈنۈپ ـ گاھ كۆرۈنمەي چىقمىدىڭ
ئالدىمغا سەن،
ھەر ھېيلىلەر بىرلە مەشۇقىڭنى ئالدىغان ئۆزۈڭسەن.
چىقارغا جان يېقىن بولدى، ئۆلەرمەنمۇ كۆرۈپ دىدار،
بېرىپ ئەيتىڭ شول يارىمغا ئېچىلدۇرسۇن باھارىمنى.
ئۆلۈپ كەتسەم بىيرەھمى يارىم كېلىپ بېسىپ ئۆتسۇن
مازارىمنى.

× × ×

## نۇزۇگۇم

ئاھى ئۇرسام يېتەرلەر يەتتى ئاسمان پەلەككە،
كۆڭلۈم مېنىڭ ئۇنىماس سەن يارىمدىن بۆلەككە.
نۇزۇگۇمنى قوندۇراي خۇشمۇ نازۇك بىلەككە،
شۆلە ئۇرسۇن ھەر زامان مۇھەببەتلىك يۈرەككە.
قوندۇرسىمىز قوندۇرۇڭ گۈللەر زىبا شاخىمەن،
دۈشمەن كېلىپ ئۈزمىسۇن دەپ دائىم سىزگە قارايمەن.
بىرلىمىدىم دۈشمەنگە ئايا سېنىڭ كويۇڭدا،
مېنىڭ يادى ئېسىمىنى سەن كەچۈرگىل دىلىڭدا.
ئول دىلىڭدا ياد قىلغىل مۇھەببەتلىك بەندىنى،
كۆك رومالغا ئورۇلۇپ قاندۇرغىل سەن يۈرەكنى.

كۆك رۇمالغا ئورۇلۇپ مۇپتىلا بولدۇم نىتەي،
غەم ئوتىدا سارغىيىپ كۆيۈپ ئادا بولدۇم نىتەي.
غەم ئوتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈپ قىلدى باغرىمنى كاۋاپ،
ئالدىمدا تەزىم قىلىپ نوچۇككىنە بەردىڭ جاۋاب.
سېنىڭ ئايدەك جامالىڭ تولۇن ئايدەك پارقىراپ،
تۈن ۋە كۈن زارى يىغلاپ ئاقتى ياشىم شارقىراپ.
سەن مېنىڭ يادىمغا كەلسەڭ ئوت - سولۇڭغا تولغىنىپ،
سەن يۈرۈيسەن بىخەۋەر زەرباپ تونغا ئورۇنۇپ.
ئەي خېنىم ئېگىلمە قاش باغلىدىڭ باغرىڭغا تاش،
كۆيدۈرۈپ قىلدىڭ كاۋاپ، ئاي ۋە يۈزلۈك زۇلپا چاش.
زۇلپا ساچىڭنى بېراپ، ئىككى جاھاندىن ئۆرگىلەي،
قولغىنەمگە تىللا ئېلىپ، مۇڭلۇق بېشىڭدىن ئۆرگىلەي.
كۆيدۈرۈپ ئاۋارە قىلما مەن غېرىپ بىچارىنى،
كېچىلەدە ياد ئەيلىگىل مەن غېرىپ ئاۋارىنى.
كۆيدۈرۈپ قىلدىڭ كاۋاپ، قىلدىم ئىزىڭغا مەن تاۋاب.
خۇرما رەڭلىك سەن مېلىك خۇشقىنە بەرسەڭ جاۋاب.
بويلۇرۇڭغا تەلپۈنۈپ، يولۇڭغا مەن قالدىم قاراپ،
نەچچە كۈنلەر كۆرمىسەم بولۇر مېنىڭ ھالىم خاراب.
كويىڭدا مەن ئاھ ئۇرۇپ تەندە قۇۋۋەت قالمىدى،
جامالىڭنى كۆرگىلى دىلىمدا تاقەت قالمىدى؛
كۆيدۈرۈپ دىلبەر ئۆزۈڭ سەرسان قىلدىڭ ئىككى
جاھان،
ھەر كۈنى لەززىگە كېلۇر جاھاندىكى كونا ماكان.
مەن ئۆزۈم ئاشىق بولدۇم سەن مىلىك ئول يارىغا،
ھەر كىشىنىڭ مېھرى بولسا بىر ئېزىز شۇل يارىغا.
بىر ئېزىز شۇل يارلىرى كېلۇر دائىم نەچچەن زامان،

سەن مىلىكىنىڭ شۆلىسىدە مامۇر بولۇر ئىككى جاھان.

## كۆك مېلىسى① ۋە قاتار مەشرەپ

ئاراتۇرۇك چەت چېگرا جاي بولغىنى ئۈچۈن ئۆتمۈشتە كىنو - تىياتىر قاتارلىق مەدەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا ئاراتۇرۇك ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قاتار مەشرەپ، كۆك مېلىسى ئويۇشتۇرۇپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئۆزلىرى ئولاپ كەلگەن.

دەسلەپتە كۆك مېلىسىنى ئويۇشتۇرغۇچى ئالدى بىلەن قىشنىڭ چىللى زىمىستان كۈنلىرىدە بىر قاچىغا بۇغداينى تېرىپ ئۈندۈرىدۇ. بۇ بۇغداي ئۈنۈپ رەسمىي مايسا بولغاندىن كېيىن بۇ كۆكنى قىزغا تەقلىت قىلىپ، رەڭگا - رەڭ گۈل چېچەكلەر بىلەن زىننەتلەپ، ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن كۆك مېلىسى ئويۇشتۇرۇپ، خالىغان كىشىگە كۆك بېيىتىنى ئېيتىپ تەقدىم قىلىدۇ. كۆكنى ئالغۇچىمۇ، ھەشقالىلا ئەيتىپ قوبۇل قىلىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ كۆك مەشرىپى ئۈزۈلمەي قولدىن - قولغا يۆتكىلىپ نەتىجىدە قاتار مەشرەپكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

**بۇ كۆك مېلىسىدە ئېيتىلىدىغان كۆك بېيىتى مۇنداق:**

قىشلىقى ئۈندۈردىلە بىر دانە بۇغداينى،

① مېلىس — مەشرەپ مەنىسىدە

سۇغارغىلى ئەر بارمىكىن شو دانە بۇغداينى،
سۇغارغىلى ئەر بولسىكەن شۇ دانە بۇغداينى،
كېچە-كۈندۈز يات ئېتەرمىز ئۈستۈن خۇدانى.
كۆزدە بۇغداي مايسا بولدى شاخى قويدى ھەرتەرەپ،
دوستلۇقىمىز شۇنچە ئىكەن ئاشنالىق بىر تەرەپ.
كۆزدە بۇغداي مايسا بولدى سۇغارغىلى كەلدىڭمۇ يار،
جانچىقار ھالەتكە يەتتى ھال سوراپ كەلدىڭمۇ يار.
چىللا زىمىستاندا ئۈنەر سەبزە باھارنىڭ ئەۋلى،
ياخشىلارنىڭ مېلىسىدىن سەبزە ئۈندى قىشلىقى.
قىشلىقى ئۈنگەن چېچەكنىڭ تەرىپى نازۇك تورۇر،
سۈغىرىپ گۈل ساشقىلى ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.
تام چېچەك تامىسۇ چېچەك، تامدىن ئېگىز بارمۇ چېچەك،
كۆرگىلى كۆكلۈك چېچەك كۆتەرسىلە ئېغىر چېچەك.
بو چېچەكنىڭ شەربىتى شۆشۈگىدىدۇر① ، شۆشۈگىدىدۇر،
كۆتەرسىلە ئېغىرلىقىدىن بويلىرى پەللەكتىدۇر.
بۇ چېچەكنىڭ تەرىپىنى مۇم بىلەن نام ئەيلىدۇق،
بۇ چېچەكنى سىزگە بىز تەقدىم قىلىپ تۆھپە
ئەيلىدۇق.
ئۆيلىرىنى ئاقلىسىلا پىشقىن بىلەن قاشلىسىلا،
كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق، بىزنى تاشلىۋەتمىسىلا.
بۇ دۇنيانىڭ كارىنى يىراقىنا ئاپىرىپ تاشلىسىلا،
نەغمىچى لازىم بولۇر، ھېپىزلارنى راسلىسىلا.
ئۇسسۇلچى لازىم بولۇر چوكانلارنى راسلىسىلا،
غازنى ئوتتۇز، قوينى تۇققۇز ھەممىنى تەڭ راسلىسىلا.

① شۆشۈك — ئىدىشدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مېھمانلارنى قىزغىنشقا ھاراق شاراپ راسلىسىلا.

دەپ كۆك بېيىتنى زوق - شوخ بىلەن ئېيتىپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## قار بېيىتى

ھەر يىلى تۇنجى قار ياغقاندا مۇنۇ بېيىتنى يېزىپ قارنى ئىچىگە ئېلىپ ئۆيىنىڭ تۈرۈنۈكىدىن تاشلايدۇ.

ئۇ بېيىت مۇنداق:

ھەقتى ئاللا ئەھمىدى، ياغدۇردى قارنى رەھمىتى،
قار يېغىپ ئالەم يۈزى بولدى ئاپپاق.
گۆش پىشىپ ئۆيىنىڭ ئىچى بولدى بى دىماق،
دىلبىرىم بۇ نام بىلەن قارلىقنى تاشلىدۇق.
شۇ كۆڭۈللەر خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،
چىنا چايچۇشتا ھاراق خودىكەۋسەرنى راسلىدۇق.
چالغىلى قالون، سەتەر، بەرباب، راۋابىنى راسلىدۇق،
نەغمىچى لازىم دېسە، بىر جۈپ جوگاننى راسلىدۇق،
قار ئېلىپ بارغان كىشىنى پەم بىلەن بەك تۇتىسىلا.
قېشىغا ئۇسما قويۇپ، پەدەس بېرىپ ياندۇرسىلا،
قار ئېلىپ بارغان كىشى كەلسە سالامەت يېنىپ.
قار ئېلىپ قالغان كىشى جابدۇق قىلۇر ئاتىنى مىنىپ،
ئاتىنى چېپىپ.

دەپ كېيىنكى نۆۋەتلىك ئويۇننىڭ ئاساسىنى سېلىپ قويۇپ مەشرەپنى داغ ـ دۇغلىق ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## پولۇ ھەققىدە نەزمە:

قەدىمدا توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەردە مېھمانلار ئۈچۈن پولۇ سېلىپ ئاش قويۇلغان بولسا پولۇنى يە-ۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىللىق پۇرىقى، مېزىلىك تەمى ۋە كىشىلەرنىڭ تېنىگە راھەت تاپقۇزۇشتەك ئاتاقلىق نامىنى مەدھىيلەپ بۇ قوشاقنى ئېيتىپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ.

(نەزمە مۇنداق)

جۇملە نېمەتلەر ئىچىدە شاھى سۇلتاندۇر پولۇ،
يېسىلە ئىمانىغا قۇۋۋەت جانغا راھەتتۇر پولۇ.
پەدىرى ① قوي يېغىدۇر، مادىرى ② كۆك چاي پولۇ،
شۇنچە ئەرزان ئىدۇركىن، گۆش بېسىپ ئەتكەن پولۇ.
سەۋزىسىنى تۇزدا قورۇپ، ياغنى كۆپ سەپكەن پولۇ،
جان پولۇ، جانىم پولۇ، جانغا راھەتتۇر پولۇ.
ئامىلەر مۇشتىلاپ ئاتۇر، چايىنىماي پۈتۈن يۇتۇر،
غىق تۇتۇپ كۆزىنى ئالايتىپ، سىڭمەيىن تۇرغان پولۇ.
تۆت قارى بىرلا بولۇپ يېسە پولۇدىن بىر تاۋاق،
بىر تاۋاقى، بىر تاۋاق تىللاغا ئەرزاندۇر پولۇ.

---

①پەدەر ـــ ئاتا مەنىسىدە.
②مادەر ـــ ئانا مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈستىسى نا ئۈستا بولسا تېگى كۆيگەندۇر پولۇ.
چىرقىسىدىن چىگىدىلىپ، كەلمىدىن ئۆتكەن پولۇ،
ئىككى موللا بىر بولۇپ، يېسە پولۇدىن بىر تاۋاق.
ئاۋازى ئانداق چىقار گومبىزى گويا پولۇ،
جان پولۇ جانىم پولۇ جانغا راھەتتۇر پولۇ.

## 4) ئىدەرە سۈننەت ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

ئاراتۇرۇك ئۇيغۇرلىرى قەدىمدىن تارتىپ بالا تۇغۇلسا ئىدەر توي ئۆتكۈزىدۇ. بالا ئوغۇل بولسا، 7 ياشقا كىرگەندىن كېيىن سۈننەت تويي ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئىككى تويدا يۇرتتىكى ئەھلى جامائەت ۋە باشقا يۇرتلاردىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنى چىللاپ ئۆزىنىڭ ھال ئوقىتىگە يارىشا نەزىر ئۆتكۈزىدۇ.

كىچىلىكى مەشرەپ ئويۇشتۇرىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، مۇمكىنقەدەر تېز يەرلىككە قويىدۇ. شۇ كۈنى ئۆلۈك چىققان ئۆيدە تاماق ئېتىلمەيدۇ. ئۆلۈكنى ئۇزىتىپ بولۇپ كەچتە سۆھ - تەھلىل ئوقۇپ، قاتناشقۇچىلارغا مال سويۇپ ئاش بېرىلىدۇ.

ئۆلۈك ئۇزىتىلىپ 3 - كۈنى بىر مال سويۇپ، تاماق قىلىپ نەزىر قىلىنىدۇ. بۇنى 3 نەزىرى دەپ ئاتايدۇ.

5 ـ كۈنى چەلپەك سىلىپ، ياغ پۇرىتىپ ئازىراق
جامائەتنى چاقىرىپ كىچىكرەك نەزىر بېرىدۇ.

7 ـ كۈنى چوڭراق نەزىر قىلىنىدۇ. بۇ سىپارە
دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەر كىم ھال ـ ئوقىتىغا يا-
رىشا 2 ـ 3 مال ياكى كالا، تۆگە سويۇپ، پولۇ سې-
لىپ پۈتۈن يۇرتقا نەزىر بېرىدۇ. مۇشۇ يەتتە كۈن
ئىچىدە بىر قېتىم قۇرئان تامام قىلىنىدۇ. 40 كۈن
بولغاندا ئاددىيلا نەزىر بېرىلىدۇ. بۇ قىرىقى نەزىر
دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە 100 كۈن تولغاندا «يۈزى نەزى-
رى»، بىر يىل تولغاندا «يىلى» نەزىرى بېرىلىدۇ.
شۇنداق قىلىپ ھەر يىلدا چەلپەك سىلىپ ئاش قى-
لىپ ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ياغ پۇرىتىپ «يىل نەزىرى»
بېرىلىدۇ.

يەتتىنچى نەزىرى بولغان كۈنى مېيىتنىڭ چوڭ
نامىزىنى چۈشۈرگۈچىگە مېيىتنىڭ ئۇزۇن چاپىنى بول-
سا شۇنى بېرىدۇ. بولمىسا ناماز ھەققى ئۈچۈن بىر
كىيىملىك رەخت بېرىدۇ، كەمبەغەل بولسا، ھېچنەرسە
ئالمايدۇ، خالىس ناماز چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يۇغۇچىلار-
غا، باش تەرىپىنى تۇتقانلارغا باش كىيىم بېرىدۇ.
ئايىغىنى تۇتقانلارغا ئاياغ كىيىم بېرىدۇ. ئاخشاملىق
نامىزىنى ئوقۇغۇچى كىشىگە بىر كىيىملىك رەخت بې-
رىدۇ. بۇ نامازيەتتىسىگىچە ئوقۇلىدۇ. يەتتىسىگىچە ھەر
ئەتىسى يېزى نان (يەنى چەلپەك) سىلىپ توپا بې-
شىغا بېرىپ ئايەت ئوقۇپ قايتىپ كېلىدۇ. يۇقىرقى
نەزىرلەردە تاماقتىن بۇرۇن شېكەر ياكى ھەر خىل مې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋىلەرنىڭ قاقلىرى بىلەن شەربەت قويىدۇ. يەزدى ئەھ-
لى ئېغىز تېگىدۇ.

ئۆلۈكنىڭ كېپەنلىكى ئوچۇن 12 مېتىردىن، 15 مېتىرغىچە ئاق كۆبۆدىن 3 قات كېيىم تىكىپ، ئىككى قەۋىتىگە ھەر خىل ئۇلۇغ ئايەتلەر يېزىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەرلىككە قويۇلىدۇ.

## 13. ئاراتۆرۆكتىن ئۆتكەن يىپەك يولى

ئاراتۆرۆكنىڭ ئادەم نوپۇسى ئاز بولغىنى بىلەن تەررىتورىيەسى كەڭ دائىرىلىك ئورۇن بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ ئىككى تۈگۈنى ئاراتۆرۆك بىلەن ئۆتىدۇ.

بىرىنچى تۈگۈنى: تۆگىچى، ئېشەكچى كارۋانلار قاتنايدىغان يول بولۇپ، دۇڭخۇاڭدىن چىققان كارۋان غەربكە قاراپ ماڭغىنىچە شىڭشىڭشيا جىلغىسىغا كىرىدۇ. ئۇ يەردە ھاردۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن غەربكە قاراپ مېڭىپ ئۆمۈر تاغلىرىنىڭ غەربىي چېتىدىكى سىمىخواچەن (سۆجە بۇلاق)گە كېلىدۇ. بۇ يەردە جەنشۇرىنىڭ بىر چازىسى بولۇپ بىرپەيجاڭلىق ئەسكىرى بار. بۇلار باج ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كارۋانلار بارلىق سودا - گەزمال، يەل - يېمىش قاتارلىق نەرسىلىرىنى تىزىملىتىپ، باج تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ ئاداقنىڭ سۆجە بۇلاقتا بىر كېچە قونۇپ، ئاراتۆرۆك غولىنىڭ تۈۋەنكى ئاغزىغا كېلىپ ئۇ يەردىن ئالتۇن كۆندۈگە كېلىپ، تۇركۆلنىڭ يولى بىلەن قاساپچى كۆندۈنى بويلاپ تۇركۆلنىڭ كۆل بويىدا ھايۋانلىرىنى بېقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇبدان ھاردۇق ئالدۇرۋالغاندىن كېيىن دازىڭو يولى بىلەن كۇمىنزا (قوۋزق ئاغزى)غە بېرىپ، سۇمۇستان دېگەن يەردە يەنە بىر قېتىم بارلىق گەزماللىرىنى تىزىمغا ئالدۇرىدۇ (سۇمۇستان دېگەن: سومۇن سۆزى بولۇپ تىزىمغا ئېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ). ئۇ يەردىن مېڭىپ بارىكۆل، مۇرى، گۇچۇڭ دېگەن يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتۈپ «بەشبالىق» (جىمسا)قا كىرىدۇ. ئۇ يەردە ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ پادىشاھلىرى جايلاشقان ئورنى ئىدى. كارۋانلا بەشبالىقتىن يولغا چىقىپ پۇكاڭ، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق يول بويىدىكى بىر مۇنچە يۇرتلارنى بېسىپ ئىلىخوغا كېرىپ، ئۇنىڭدىن سوبۇزغىچە سودىغا باراتتى.

يېپەك يولىنىڭ ئىككىنچى توگۈنى باۋتو، نىڭشالاردىن چىققان تۆمۈر ھارۋا يولى بولۇپ، بۇ يول غەربكە قاراپ مېڭىپ ئېگىز - چىڭگىز تاغلىرىنىڭ شىمالىنى بويلاپ، تەمەنچۇلو (تۆگە تاش) بىلەن ئۆتۈپ، بارىكۆلگە قاراشلىق لويەنمياۋ، (بۇ يەدە بىر دۆك بولۇپ، بۇتقا ئوخشايدۇ)نىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ مۇرى ئارقىلىق بەشبالىق (جىمسار)غا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن ماڭغان كارۋان سانجى يولى بىلەن ئىلىخو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە بېرىپ سودا ئالاقە قىلىشاتتى.

ئىچكى جەھەتتە: قۇمۇل ۋە ئاراتۈرۈك خەلقلىرى 1933 - يىللىرىدىن ئىلگىرى تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ سودا ئالاقە

قىلاتتى. بۇيول نومدىن چىققان كىشىلەر تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مىڭغان(مىڭ بۇلاق) ناھىيىسىگە كىرىپ ئۇ پەردىن داكۇرە، خانەكۇرە، ئۇلانباتۇرلارغىچە سودىغا بارغان، بۇيول 1933 - يىلى شىڭشىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنلا ئېتىلىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورىسى

# 14. ئاراتۇرۇك ئالتۇن كېنى

ئاراتۇرۇك ئالتۇن كېنى ئاداق يېزىسىنىڭ غەربىدىكى قاقسو دېگەن يەردە بولۇپ ئاداقتىن ئالتۇن كانىغىچە 12 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇيەرنىڭ تۇمۇمىي ئاتالغۇسى ئالتۇن كۆندۆ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالتۇن كۆندۆدىكى ئالتۇننىڭ قېزىلىش توغرىسىدا ئىككى تۈرلۈك رىۋايەت بار.

بىرىنچى تۈرلۈك رىۋايەتتە، بۇنىڭدىن 250 يىللار ئىلگىرى ئەنگلىيىنىڭ ئىنژېنېرلىرى كېلىپ كەنسۇدىن 2000 دىن ئارتۇق ئەمگەكچى ئېلىپ چىقىپ ئالتۇننى كولاپ ئېلىپ كەتكەن دېيىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئىسپاتلىغۇچى بىر ئادەم بار ئىدى، ئىسمى ئىسلام ئىدى، يۇرتى كەنسۇنىڭ جۇچۈەن ۋىلايىتىدىن ئىدى. بۇ ئادەم 1954 - يىلى 106 يېشىدا ۋاپات بولدى. بۇ ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ بىر كىچىك ئاتام شۇ كاندا ئىشلىگەن، ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىز 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئىدۇق، ئاداق ئالتۇن كېنىنى يىڭگو (ئەنگلىيە) دىن ئادەملەر كېلىپ ئاشتۇرغان، ئادەملەر ئىچىدىكى سۇنى ئاراتۇرۇك غول ئېقىمىدىن توشۇپ بېرەتتى، بۇ ئالتۇن كان ناھايىتى مول - ھوسۇللۇق كان ئىدى، بەزى جايلىرىدىن پۇرچاقتەك، دادۇردەك ئۇيۇل ئالتۇنلار چىقاتتى. ئالتۇن كولىغۇچىلار پۇرچاقتەك، دادۇردەك

ۋبۇل ئالتۇنلارنى يۇتۇۋالاتتى، بۇنى گەنجالار (ئىش
جىرگۈچىلەر) كۆرۈۋېلىپ تاڭلىئەتتىسى بىچارە
شچىلارنى بىريەرگە تەرەت قىلدۇرۇپ، تەرەت ئىچىدىكى
التۇنلارنىمۇ يىغىۋالاتتى. بۇ ئىشقا نارازىلىق قىلغۇچى-
رنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، بۇخىل زالىملىقلار ئاستىدا
ۋلۇپ كەتكەن ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما ئالتۇن
ازغۇچى كىشىلەر ئىچىدىن بىر پەمدار كىشى مەخپىي
الدا ئۆزىنىڭ ئايىغىدىكى چەڭخەي (قىلىن چەملىك
لاتا ئاياغ)نىڭ چەم ئارىسىغا نۇرغۇن پۇرچاقتەك،
ادۇردەك ئالتۇنلارنى تىقىپ ئېلىپ كېيىن يۇرتىغا
كېتىپ قالغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. كېيىن ئالتۇن
قېزىش ئاخىرلاشقاندا ئالتۇن قازغان بارلىق سايمان-
جابدۇقلارنى ئالتۇن كۆندۈنىڭ ئاغزىدا 10 غۇلاچ
تېرەنلىكتىكى بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ كۆمۈۋاتقان.»

ئىككىنچى قاراش (رىۋايەتتە) مۇنداق يېزىلغان:
(تارىخىي ئەمىنىيە)① داۋكۇاڭنىڭ خانلىق زامانىدا خاقان
چىن مەملىكىتى ناھايىتى تىنچ، ئاۋات، مەمۇرىچىلىق
بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىڭفوخان تەختكە
چىققاندىن كېيىن، زاۋاللىققا يۈزتۇتتى. پەرەڭلەرنۇرغۇن
شەھەرلىرىنى ئېلىپ، تالان-تاراج قىلىپ، خوجايىن
بولىۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن قاراختايلار خانلىق
تالىشىپ، خاقاندىن يۈز ئۆرۈپ، جەڭگى-جېدەل

---

① «تارىخىي ئەمىنىيە» — موللا موسا بىننى ئەيسا سايرامىنىڭ ئەسەرى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋەرىدە چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تـوختىمىدى. تـوڭگانلار ئۆز ئىچىدىن خان تەيىنلەپ خاقانى چىنغا بـوي سـۇنمىدى. ئـەتراپلاردىكى قوشنا پادىشاهلارمۇ هەر بىرى بىرتـۇرلۇك سۆز پەيدا قىلىپ خاقان چىننى ئارامىدا قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن خاقان چىن مەملىكىتى ۋە ئۇنىڭ پۇقرا ـ خەلقلىرىنىڭ بېشىدىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

خـاقان چىن بـۇ تەرەپتىكى شەهەرلەرنى كوۋەي (قاپقىنىڭ سىرتـى) دەپ ئـاتـايـدىكەن. يۇقىرىقىدەك پاراكەندىچىلىك بىلەن كـۆۋەيـدىن خـەۋەر ئالالمىدى بەلكى كۆۋەيگە تەۋە يۇرتلاردىكى مەنسەپدارچېرىكلەرگە «بۇنىڭدىن كېيىن «كولىياڭ»يەنى تەمىنات ئەۋەتەلمەيمەن، نەچچە يىللاردىن بىرى، خـەزىنىدىن تەمىنات ئەۋەتىپ بېرىپ، نـۇرغۇن خەزىنىلەرنى سەرپ ئېتىپ كۆۋەيدىكى مەنسەپدار چېرىكلەرنى بـاقتىم. ئـەمما خەزىنىگە هېچ قـانداق مـەنپەئەت پايدا يەتمىدى. كۆۋەينى تاشلاپ قـايتىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق چـۈشۈردى. ئەمما بۇ تەرەپتىكى مانجولارنىڭ چوڭى جاڭجون، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭى، قـۇمۇل ۋېڭى ئـەهمەتۋاڭ بەگ قاتارلىق كاتتا مەنسەپدارلار مـەسلىهەت قىلىشىپ، خـانغا تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئـەرز بەردى: «بـۇ تەرەپتىكى شەهەرلەرگە ئۇلۇغ خاننىڭ خەزىنىسىدىن تەمىنات كەلمىسىمۇ، كان تېپىپ، ئۆز كـۈچىمىز بىلەن ئـالتۇن، كۈمۈش، مىس كولاپ، چېرىكلەرنى بـاقىمىز. بىز ئاتا ـ بوۋائەجداد ـ لىرىمىزدىن تـاتىپ، ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ دۆلىتىنى كـۆرگەن. يـارلىققا ئەمەل قىلىپ (كۆۋەينى) تاشلاپ كەتسەك، ئۇلۇغ خان چىننىڭ شەنىگە ئوبدان

ماقۇل خان يەنە باشقا ئۇنىڭدىن
ولماسمىكەن» ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۆزلەرنىمۇ كىرگۈزدى. ئەرزنى
ۆرىدىغان بىر مۇنچە سۆزلەرنىمۇ كىرگۈزدى. ئەرزنى
(تەستىقلىدىم).
ئاقان چىن كۆرۈپ: «جۇغلى قىلدىم
ۇنداق بولسا ئۆزۈڭلار كىيان تېپىپ چىرىكلەرنى
ىقىڭلار. ئۇششاق پۇخرالارغا جەبرى - زۇلۇم بولىدىغان
ىشنى زادى قىلماڭلار» دەپ يارلىق كەلدى. شۇنىڭ
ىلەن تەڭ شەھەر - شەھەردىكى مەنسەپدارلار تاغمۇ
اغ، دەشتمۇ دەشت كان ئىزدەپ، پۇقرالارنى ھاشا
ىلىپ ئېلىپ بېرىپ، تاغ باغرىلىرنى چاشقان تەشكەن
دەك ئۆتمە تۆشۈك قىلىۋەتتى، ئەمما كان تاپالمىدى؛
تاپىمۇ پۇقرالارغا ناھايىتى جەبرى - جاپا بولۇپ
كەتتى. ئىشلىگەنلەرگە ھەق بەرمىدى. ئاخىرىداچىققان
كانلارمۇ خاراب بولدى. نەچچە تۈرلۈك
باج پەيدا بولۇپ، تۈز پۇلى دەپ ئالدى.
ھەر ئايدا ئادەم بېشىغا چوقا پۇلى دەپ ئالدى.
يۇقىرىقى يېزىلغان پاكىتتىن قارىغاندا قىزمۇل
ۋېكى ئەھمەت ۋاڭنىڭ ئاداق ئالتۇن كېنىنى قازدۇرغان
لىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ كاننىڭ ئەتراپىدا
نەچچە يۈز ئېغىز تاش ئۆيلەرنىڭ خارابىسى ھېلىھەم
بار. ئالتۇن سۈزگەن تاش ئۇششاقلىغان تۈگمەن
تېشىدەك تاشلارمۇ بار. بىر دانە كىچىككىنە بۇتخانا
ئۆيى، چىراغلىرى بىلەن ساقلانماقتا، ئەھۋالدىن
قارىغاندا ئىشلىگۈچىلەرخەنزۇ بولۇشى مۇمكىن، قېزىلىشىغا
يۇقىرىدائېيتىلغاندەك 250 يىلدىن ئاشقان بولۇشى مۇمكىن.
ئىچىدىن يېقىندا يارماق پۇللارمۇ چىققى، بۇ جۇڭگونىڭ
پۇلى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 15. سادىر تۇرشا بىلەن قىلغان سۆھبەتتىن خاتىرە

مەزمۇنى: ئاراتۇرۇكتىكى خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ھەققىدە.

«مەن ئاراتۇرۇككە 1943 - يىلى چىقتىم. مېنى قۇمۇلدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قورچاق ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ چىقارغان. مەن ئەسلىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى «شىنجاڭ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ، شۇ تەشكىلاتنىڭ يەر ئاستى خىزمەتچىسى ئىدىم. بىزگە قۇمۇلدىكى — ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى: ھوشۇر مۇسا (قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيتتى) بىلەن يۇسۇپ مەمۇل قاتارلىق ئىككى كىشى رەھبەرلىك قىلاتتى. مېنى ئاراتۇرۇككە بەلگىلىگەندىن كېيىن مەن ئۆز تەشكىلاتى»نىڭ ئاراتۇرۇكتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى بەكرى ئۆمەرلەرنىڭ ئالاقىچىسى بولۇپ چىقتىم.

مەن ئاراتۇرۇك «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئىش پائالىيەتلىرى توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي. ئاراتۇرۇكتىكى تەشكىلاتىمىزنىڭ باشلىقى بەكرى ئۆمەر

ئىدى. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «بەيلۆگكاڭ» ئىدى. ئۇنى قۇمۇلدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ئادىمى ھېسابلاپ ئاراتۈرۈك جەڭساجۇيگە دۇسا قىلىپ چىقارغان. ئۇ، ئاراتۈرۈك ناھىيە تەۋەسىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇراتتى. بۇ، بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. بەكرى ئۆمەر ناھىيە دائىرىسىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى يېزىپ ئەۋەتكەن مەخپىي خەۋەرلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بىزنىڭ «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىمىز» نى پاش قىلىدىغان قىسىملىرى بولسا ئۇنى تۈزەشتۈرۈپ يېزدۇۋېلىپ ئاندىن خەنزۇچىسىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، گومىنداڭ داگىبۇسىغا كىرگۈزۈپ بېرەتتى. ئەسلىدىكى نۇسخىسىنى قۇمۇلدىكى خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىغا يوللاپ بېرەتتى. بەكرى ئۆمەرنىڭ ئايالى ھىدايەتخان ھەم «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ئاراتۈرۈكتىكى خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتلىرىنى قۇمۇلدىكى ياشلار تەشكىلاتىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئالاقىچى ئىدى. ئۇ ئايال 1943 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مەن (سادىر تۇرشا) ئالاقىچى بولۇپ تەيىنلەندىم. مېنىڭ بۇرۇنقى ئىسمىم تۇرسۇن تۇرشا ئىدى. ئاراتۈرۈككە ئالاقىچى بولغاندىن كېيىن سادىر تۇرشاغا ئۆزگەرتىلگەن.

ئۈچ ۋىلايەتتىن بىزگە بېرىلگەن ئاساسلىق ۋەزىپىمىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇمۇلنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاراتۇرۇكنى ئىنقىلاب بازىسى قىلىش، بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاممىنى قوزغاش، قورال ياراقنى قولغا چۈشۈرۈش، ئاخىرىدا قوزغىلىپ چىقىپ گومىنداڭنى يوقىتىش ئىدى.

بىز مۇشۇ نىشان بويىچە ئىشلەپ، بىرىنچى قەدەمدە: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسەت، نىشانىنى تەشۋىق قىلدۇق بۇ توغرىسىدا تەشۋىق ۋاراقىنى چىقىرىپ ئىلغار ئىدىيىلىك كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ گومىنداڭغا قارشى جامائەت پىكرى پەيدا قىلدۇق. ئاما ئىچىدىن بىزگە قوشۇلۇپ ئىنقىلاب قىلىمىز دېگەن ئادەملەر 500 — 600 كىشىگە يەتتى.

ئىككىنچى قەدەمدە: گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە ۋە جايلاردىكى جىگسا پەيچۇسولارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، قورال تۇتقان مىللىي ساقچى ئەسكەرلەرنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب قىلىشقا ماقۇل كەلتۈردۇق. بەلكى، ئاراتۇرۇكنىڭ نوم يېزىسىدىكى گومىنداڭ ھەربىي لىيەننىڭ (باتالىيون) باشلىقى يەنلىيەنجاڭنىمۇ ئۆز تەشكىلاتىمىزغا قوشۇپ ئالدۇق. بۇ ئادەممۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز پارتلاپ چىققان كۈنى ئۆز لىيەنىدىكى بارلىق قوراللىرىنى ئىنقىلابچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى، بۇنىڭدىن باشقا ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتتىكى زىۋيدۈي (ئۆزىنى قوغداش دۈيى) نىڭ بارلىق قورال ياراقلىرى ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ قولىغا ئۆتتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 600 تالدەك مىلتىق، پىلموت، مىناموتلار

يوشۇرۇن بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزغا ئۆتكەنىدى.

ئۈچىنچى قەدەمدە: يۇقىرىدىنىڭ قوزغىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇش بولۇپ، قاچان بۇيرۇق يېتىپ كەلسە قوزغىلىپ چىقىش ئىدى. 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە جاڭجىجوڭ رەئىس بولدى، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولدى، ليۇمىڭچۈن باش كاتىپ بولدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، سالىسلەر مۇئاۋىن باش كاتىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە «11 بىتىم» ئىمزالاندى. بىتىمنىڭ ئىچىدە «كىمكى بىتىمنى بۇزسا شۇ تەرەپ جاۋابكار بولىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن. قۇمۇلدىكى تەشكىلاتىمىز بىزنى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭلار دەپ ئاگاھلاندۇردى. بىز شۇ كۈندىن باشلاپ بۇيرۇق كۈتۈپ ياتتۇق. مۇشۇ كۈنلەردە (1947-يىلى) تەنسەندىكى سېيىت قۇربان بىلەن ئونابايلار ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەنسەنگۇ (كۆشۈتە) غول ئىچىدىكى بوقتان دېگەن يەرنى توسۇۋېلىپ گومىنداڭنىڭ نەچچە يۈز ئەسكىرىنى قىردۇۋەتتى. قۇمۇل بىلەن ئاراتۈرۈكنىڭ ئالاقە يولىمۇ توسۇلۇپ قالدى، بۇ خەۋەر ئۈرۈمچىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن بۇرھان شەھىدىنى توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئادەم قۇمۇلغا كېلىپ، سېيىت قۇربان بىلەن ئونابايغا ئەلچى چىقىرىپ، قۇمۇلغا ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئورغۇن كاپالەتلەر ئارقىلىق توپىلاڭنى تىنجىتىپ، سېيىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇربان بىلەن ئونانبايىنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقىپ، شۇ يەردىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەتتى.

1947 ـ يىلى قىزمۇلدا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىلدى، بۇ قېتىمقى سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى سوپىتىدە، ئۇيغۇر سايرانى، نەمەت خەلپەتلەر كېلىپ قاتناشتى. ئاراتۇرۇكنىڭ هاكىملىرىنى سايلاش ۋاقتىدا ئۇيغۇر سايرانى بىلەن نەمەت خەلپەت ئۇسۇلغا دىققەت قىلماي، مېنى (سادىر تۇرشا) هاكىم نامزاتىغا، بەكرى ئۆمەرنى جۇيجاڭلىق نامزاتىغا كۆرسەتكەنىكەن. بۇنى كۆرگەن گومىنداڭ هۆكۈمىتى، بىز بۇلارنى ئۆز ئادىمىمىز دەپ يۈرسەك، بۇلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئادىمى ئىكەن دەپ بەكرى ئۆمەرنى قولغا ئېلىپ كەتتى، مېنى (سادىر تۇرشا) 1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قولغا ئېلىپ قۇمۇل دايىڭفاڭدا تۈرمىگە قامىدى. بىزنىڭ قولغا ئېلىنىپ كېتىشىمىزگە باشقا كىشىنىڭ سەۋەبچىلىكى يوق، ئۆز ئادەملىرىمىزدىن ئۇيغۇر سايرانى بىلەن، نەمەت خەلپەتلەر سەۋەبچى بولغان.

مېنىڭ قولغا ئېلىنىشىمنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: سايلامدىن كېيىن گومىنداڭ هۆكۈمىتى مېنى قولغا ئېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقان ۋاقىتلاردا مەنمۇ بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتىم. بىر قېتىم ئىلمىياز ئابدى دېگەن بالىنى ئەگەشتۈرۈپ نومغا بېرىپ نوم ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كېتىشنى كۆتۈپ تۇرغانىدىم. گومىن-

داڭلىنىڭ ھاكىمى ئابدۇللا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى نوھـ
ددىن قايتۇرۇپ چىقتى. بۇ قېتىمقى قېچىش پىلانىم
ئىشقا ئاشمىدى. ئىككىنچى قېتىم ئاراتۈرۈكتىكى تۈر-
غۇنجانىنىڭ ئۆيىگە تاغقا چىقىپ شۇ يەردىن قاشماقچى
بولدۇم. ماڭا يول باشلاپ بايدىكى سەددىنشا بىلەن
جىڭسادۇيدىكى مالىك دېگەن يىگىتلەر قاچۇرۇپ قوي-
ماقچى ئىدى. بۇ قېتىممۇ ئارقامدىن نۇرشۇڭگەن باش-
لىق بىر بەن ئادەمنى چىقىرىپ مېنى نازارەت ئاس-
تىغا ئېلىپ قايتۇرۇپ، ئاراتۈرۈككە ئېلىپ چۈشۈپ،
ئاناڭ كېسەل ئىكەن، سېنى تېزدىن قومۇلغا كەلسۇن
دېدى، دېگەن تاكتىكا بىلەن بىر بەن ئادەم يالاپ
قومۇلغا ئېلىپ چۈشۈپ قولغا ئېلىپ دايىڭفاڭدا قا-
راڭغۇ ئۆيدە كۆزۈم كېچە-كۈندۈز تېڭىقلىق 6 ئاي ياتتىم.
كۆپ قېتىملىق سوراقلارغا تارتىلدىم.
ئۆز تەشكىلاتىم توغرىسىدا ھېچقانداق ئەھ-
ۋالنى پاش قىلمىدىم. شۇ ۋاقىتلاردا جاڭجىنجۇڭنىڭ
قومۇلدىكى خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرىنى
ئۆلتۈرمەڭلار، قويۇپ بېرىڭلار دېگەن بۇيرۇقى كەلگەن
ئىكەن، شۇ بۇيرۇققا ئاساسەن مېنى تۈرمىدىن چىقىر-
ۋەتتى. مەن تۈرمىدىن چىقىپ قومۇلدىمۇ تۇرماي
ئۈرۈمچىگە قايتىپ چىقىپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلقچىل
ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تەشكىلاتىنى تې-
پىپ ئالاقىچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم.
بەكرى ئۆمەرنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە بىلىدىغىنىم:
بەكرى ئۆمەرنى سولىغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە پوست
تۇرغان ئەسكەرنىڭ ئۇخلاپ قالغان پۇرسىتىدىن پاي-

دىلىنىپ، ئىشىكتىن چىقىپلا قولىدىكى كويزا بىلەن پوست تۇرغان ئەسكەرنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرىۋېتىپ قېچىپ، يىگىناگىنىڭ سوقما تېمىنىڭ بېشىغا چىقىۋاتقاندا باشقا تەرەپتىكى پوست تۇرغان ئەسكەر تۇيۇپ قېلىپ، ئوق ئاتقان ئىكەن ئىككى تال ئوق تېگىپ شۇ تامنىڭ ئىچىگىلا دومىلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن. بۇنىڭغا باشقا بىر كىشىنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆلتۈرگىنى يوق. مېنىڭ كۆز قارىشىمچە، بەكرى ئۆمەر قاچمىغانلا بولسا ئۆلمەس ئىدى، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدىكى جاڭجىنجۈگىنىڭ قوماندىكى ئۈچ ۋىلايەتتىنىڭ قولغا ئېلىنغان ئادەملىرىنى قويۇپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى كېلىپ قالغان ۋاقىت ئىدى.»

# 16. 1950 - يىلى ئاراتۈرۈكتە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ

1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاراتۈرۈكتە كومپارتىيىگە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ ئىلگىرى-ئاخىرى 5 ئايدەك داۋام قىلغان، كۆلىمى چوڭ، تەسىرى ئىنتايىن ئەكسىيەتچى بولغان بىر توپىلاڭ بولۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن زور توپىلاڭ ھېسابلىنىدۇ. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 6 - جۈن 16 - دىۋىزىيە، 46 - پولك، 1 - روتا 2 - باتالىيوندىكى باتۇر، قەيسەر ئوفىتسېر - جەڭچىلەر مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇچېڭسەننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئاراتۈرۈككە چىققان ئارمىيىلىرى يۇقىرى شتاپ بىلەن 40 كۈن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان شارائىتتىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەي 40 كۈن ئۆزلىرىنى قوغداپ دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئاراتۈرۈكتىكى ئىستىھكامنى مەھكەم ساقلاپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ يەردە بىز مۇشۇ ئىستىھكامنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

1949 - يىلى تاۋسىيۇ، بۇرھانلار شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا ئا-

راتۇرۇكمۇ ھەقىقەتكە قايتقان ئىدى. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6 - جۇن 16 - دېۋىزىيە 46 - پولكىنىڭ 1 - روتا 2 - لىيەنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە چىقىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، نوم - باي يېزىلىرىغا 13 نەپەردىن جەڭچىنى باشلاپ چېگرانى قوغداش ئۈچۈن ماكانلاشقان ئىدى.

ئاراتۇرۇك تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈن ئاراتۇرۇكتىكى مەمۇري ئورگانلار يەنىلا گومىنداڭ قورچاقلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. شيەنجاڭ ئەبەيدۇللا ناسىر ئىدى. مۇئاۋىن شيەنجاڭ لى فۇشيەن ئىدى. قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى ئەخمەت (تەخەللۇسى يىجەنجۈك) ئىدى. مۇئاۋىن جۈيجاڭ مامۇت ئىدى. جىنجاڭى بەردى ھاشىم ئىدى. سەنيىخۈينىڭ يىجاڭى ناسىر ئىدى. يېزىلاردا بولسا بوجاڭ سەنيىلەر باشلىق بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئۈچۈن نوم، بايلاردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى.

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توپىلاڭ قوزغىشىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ ئەكسىيەتچىلەر تىنچ ياتمىدى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە خۇپىيانە ھالدا قۇتراتقۇلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاخىرى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى قوزغاپ چىقتى.

1950 - يىلدىكى توپىلاڭ پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدىكى بىر مەيدان ئەكسىلئىنقىلابىي كۆلىمى زور توپىلاڭدۇر. بۇ ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تىل،

بىرىكتۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن پارتلاپ چىققان،
1 - شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا كون-
سۇلىدىكى ماكىنان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاشقا
قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ جايلاردىكى
گومىنداڭ قالدۇق ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلىرى بىلەن
يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈردى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
جانىمقاننى قۇترىتىپ بېيتىك تېغىدا تۇرۇۋاتقان ئوس-
مان باندىتىنىڭ قېشىغا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قې-
تىم ئەۋەتىپ، گۆڭچەنداڭغا قارشى توپىلاڭ قوزغاشنىڭ
ئالدىن تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇرۇمچى نەنسەندىكى
سىدىق زالىڭ، پولىك كوماندىرى جانابىل، يۇلتۇز
موڭغۇللىرى ئىچىدىكى دوزجى، ئالتاينىڭ شىمالى
تاغلىرىدا باندىتلىق قىلىپ يۈرگەن كىرجاكىلار (ئاق
ئورۇسلار) باشلىقى سامايلوپ، قۇمۇلنىڭ قورچاق ۋا-
لىيسى بولبارس قاتارلىق باندىتلار بىلەن
خۇپىيانە ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تو-
پىلاڭغا كەڭ كۆلەمدە تەييارلاندى.

2 - قىزمۇلدىكى يولبارس 1949 - يىلى قىش پەس-
لىدە ئاراتۈرۈكتىكى قورچاق ھاكىم ئەبەيدۇل ناسىر، لى-
فويشەن، ئەخمەتلەرنى ۋە يېزىلاردىكى بىر قىسىم سەن-
يىلەرنى قىزمۇلغا چاقىرتىپ كېلىپ، گۆڭچەنداڭ ئۇس-
تىدە تەتۈر تەشۋىق قىلىشقا قۇتراتتى. يەنى «گۆڭچەن-
داڭ ئىسلام دىنىنى يوقىتىدۇ، مال - مۈلۈكلەرنى مۇ-
سادىرە قىلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىرىنى خەنزۇلارغا
ئېلىپ بېرىدۇ، ياشلارنى ئەسكەرگە تۇتىدۇ. قېرىلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرىدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ كەپلەرنى ئاڭ-
لىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بەزى قىسىم
كىشىلەر ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇ ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ
قالدى. دەل شۇ كۈنلەردە قورچاق ئەبەيدۇل شىيەلجاڭ
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاشنى كېچە - كۈندۈز
پىلانلاشقا كىرىشتى. (ئەبەيدۇل گومىنداڭنىڭ چۆچەك-
دىكى زۇڭتۇڭ سايلام سايلىمىغا قاتنىشىپ جياڭجېي-
شىنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىغان ۋەكىلى ئىدى). ئەبەيدۇل
ناسىر باشلىق ناھىيە ئورنىدىكى قورچاق ھاكىمىيەت-
نىڭ باشلىقلىرى ئالدى بىلەن گومىنداڭنىڭ بېكزەن
دېگەن كونا ئىدارىسىدا نۇرغۇن قورال، ئوق، شۇلۇدەن
بار ئىدى. بۇنى گومىنداڭنىڭ بېكزەنىدىكى كونا خىز-
مەتچىلىرى ساقلاپ تۇرىۋاتاتتى. مانا شۇ كونا خىز-
مەتچىلەر ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە ئەبەيدۇللا
ھارۋا ئەۋەتسە كېچىدە قورال - ياراقلاردىن تېپىپ
بەرمەكچى بولدى. قوراللارنى بەلچىر دېگەن مەلىگە
ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. بۇ پىلانى ئىشقا ئاشسا ئان-
دىن توپىلاڭ قوزغىماقچى ئىدى. لېكىن بۇ پىلانىنى
ئۆزلىرى بۇزۇپ قويۇپ ئىشقا ئاشۇرالمىدى. چۈنكى-
خۇفۇيىڭجاڭ نومدىكى ھەربىيلەرنىڭ خىزمەتلىرىدىنى
كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن نومغا بارغان ئىدى. ئەبەي-
دۇللانىڭ پىلانى، خۇفۇيىڭجاڭ نومدىن چىقىشتىن بۇ-
رۇن قوراللارنى يۆتكەپ كېتىش ئىدى. مانا بۇگۈن
كېچە قورال يۆتكەيمىز دېگەن كۈنى خۇفۇيىڭجاڭ
نومدىن قايتىپ چىقىپ بەلچىر دېگەن يەرگە يېتىپ
كەلگەندە ئەبەيدۇللانىڭ ئادەملىرى خۇفۇيىڭجاڭنى ئې-

تىپ ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يولنى توسۇپ تۇراتتى. خۇفۇيىڭجاڭ ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بىلىۋېلىپ ئاتنى چاپتۇرۇپ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. باندىتلار ھودۇقۇپ كېتىپ، بىر تالمۇ ئوق چىقىرالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن باندىتلارمۇ ئاتقا مىنىپ خۇفۇيىڭجاڭنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ ئوق ئاتقان ئىدى. خۇفۇيىڭجاڭغا ئوق تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇفۇ يىڭجاڭنى قوغداپ كېتىۋاتقان بىر جەڭچى يار ئىدى. بۇ جەڭچى قولىدىكى ئاپتومات بىلەن باندىتلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. باندىتلار ئاپتومات ئوقىدىن قورقۇپ ئارقىغا قايتتى. خۇفۇيىڭجاڭ تېزلىك بىلەن ئاراتۆرۈكتىكى يىڭفاڭغا يېتىپ كەلدى. شۇ ھامان قورچاق شيەنجاڭ ئەبەيدۇللانىڭ ئىشخانىسىغا ئادەم ئەۋەتسە ئەبەيدۇللا ئىشخانىسىدا يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن خۇفۇ يىڭجاڭ ئارمىيەگە بۇيرۇق بېرىپ قورچاق ناھىيە ئىدارىسى، قورچاق داگۇيۇ، قورچاق جىڭساجۈيلەرنى مۇھاسىرە ئاستىغا ئالدى. چارلاپ كۆرگەندە ئەبەيدۇللا غول ئىچىدە پىيادە قېچىپ كېتىۋاتاتتى. جەڭچىلەر ئوق ئاتقان بولسىمۇ ئوق ئەبەيدۇللاغا تەگمىدى. قورچاق مۇئاۋىن ھاكىم لى فۇشەن بىلەن قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى ئەخمەتلەر قاچالماي مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ تىرىك قولغا چۈشتى. گومىنداڭنىڭ قالدۇق خادىملىرى بىلەن جىڭساجۈيدىكى ساقچىلارنىڭ ھەممىسى نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. شۇ ۋاقىتتا خۇفۇ يىڭجاڭ تاغ باشلىرىدىكى بەش پوتەيگە ئەسكەر تۇرغۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زۇپ، يەڭىقاڭنىڭ شىمالىي تاغ، جەنۇبىي تاغدىكى ئېگىزلىكلەرنى ئىگىللىدى. 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭى موشۇ كۈندىن باشلاندى. بۇ دەل 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىدى.

ئەمدى گەپنى ئەبەيدۇللادىن باشلايلى. ئەبەيدۇللا شۇ كۈنى قېچىپ تۇپمۈيلەر دېگەن يەرگە باردى. ئەبەيدۇللا ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇنلائۈزىنىڭ مىنىمدىغان ئېتى بىلەن بىر تال ئاپتومات قورالىنى تۇغشۇنىيەنى (قارا خىزمەتچىسى) بىلەن تۇپمۈيلەرگە ئەۋەتىپ سالغان ئىدى. ئەبەيدۇللا دەرھال ئاتقا مىنىپ تۇپمۈيلەردە ئولتۇرۇشلۇق جىڭساجۇينىڭ مۇئاۋىن جۇيجاڭى ماۋۇت بىلەن بەردى جىڭجاڭلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بولاق بېشى دېگەن كەنتكە بېرىپ ماكانلىشىپ ئاراتۇرۇك يېزىسىدىكى ناسىر يىجاڭ، ھاپىز بوجاڭ، ناسىر جىڭجاڭ باشلىق يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ 40 — 50 ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ، شار ئۆيلەر يەڭىقاڭدىكى خۇ فۇيىڭجاڭنىڭ تۆتئەتراپىنى مۇھاسىرە ئاستىغا ئالدى. شۇ كۈنى ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتنىڭ باشلىقلىرىنى ناھىيىگە يىغىنغا چاقىرىپ كېلىۋاتقانىدى. ئەبەيدۇللا ئۇلارنى يولدىلا توسىۋېلىپ، بولاق بېشىغا ئېلىپ بېرىپ «گۇڭچەنداڭ بۇزۇلدى، ھازىر لى فۇشەن بىلەن ئەخمەتلەرنى تۇتۇپ كەتتى. مەن قېچىپ قۇتۇلدۇم. بۇ قېتىمقى يىغىندا سىلەرنىمۇ قولغا ئالماقچى، بىز تېزدىن قوزغىلىپ بولارنى يوقاتمىساق، ئۇلار بىزنى يوقىتىدۇ» دېدى. جايلاردىن كەلگەن بوجاڭ، سەنيلەرگە ئۆز

جايىغا تېزلىكتە قايتىپ، باي، نومىلاردىكى ھەربىلەرلى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى ئېلىپ، سەر خىل پالۋانلاردىن قورالاندۇرۇپ، ئاراتۇرۇككە تېزدىن يىغىلىشنى بۇيرۇق قىلدى.

## نومدىكى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئەھۋالى

ئاراتۇرۇكتىن ئەبەيدۇللانىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگەنلەر غوجابدۇللا سەنىيىي، مەمەتنىياز بېرجاك، ئىسمايىل موللا قاتارلىق ئۈچ كىشى ئىدى. ئۇلار ئەبەيدۇللا شەنجاڭ يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ نومدىكى سەدەن فۇشەنجاڭغا بەردى. بۇ 1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغان: «ئاراتۇرۇكتىكى گۇچەندائىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇزۇلدى. لى فۇشەن بىلەن ئەخمەت جۇيجاڭلارنى تۇتۇپ كەتتى. مەن قېچىپ قۇتۇلدۇم. سىز بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالماق بىلەن نومدىكى ھەربىلەرنى يوقىتىپ، قوراللىرىنى ئېلىپ، 30 نەپەر پالۋاننى قورالاندۇرۇپ، ئاراتۇرۇكتىكى بولغۇسى ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىڭ» دېيىلگەن. سەدەن فۇشيەنجاڭ ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئويلىمايدىغان قاراكۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، ئەبەيدۇللانىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ شۇ كۈنىلا ھەرىكەتكە كېلىپ ئارمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلەرنىڭ قورالىرىنى قانداق ئىشلىتىشنىڭ پىلانىنى تو-
زۇپ ئىشقا كىرىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئومىدىكى جىڭ-
سا پەيچۇسوسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرتىپ كېلىپ پەي-
چۇسونىڭ قوراللىرىنى ئالدى. پەيچۇسودىكىلەرمۇ گو-
مىنداڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن بولغاچقا قارشى-
لىق قىلمايلا 10 تال توققۇز ئاتار مىلتىق، ئىككى تال
چەجۇ مىلتىق (7.9) نى تاپشۇردى. سەدەن فۇشەن-
جاڭنىڭ ئۆزىنىڭ باشلامچىلىقى ئاستىدا بىر زىۋۇدۇي
(ئۆز - ئۆزىنى قوغداش دۇي) نىڭ 20 دانە موسىچاڭ
(يالاڭ ئاتار) بار ئىدى. ئۇنى ئۇستا مەرگەنلەرنىڭ
قولىغا تۇتقۇزدى. شۇ ئارىلىقتا تاشقى مۇڭغۇلىيە خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلى ئومىغا چىقىپ قال-
دى. ئۇلار ئوم خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، ئوسمان با-
دىتنى يوقاتساق دېگەن مەقسەتتە چىققان ئى-
كەن. بۇلارنىڭ ئۈچ تال چەجۇ (7.9) قورالى، ئالتە
ئېتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئات ۋەقوراللىرىنىمۇ تار-
تىۋېلىپ، ئۇلارنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. سەدەن
فۇشيەنجاڭنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئومىدىكى جاۋفۇگۇي
ليەنجاڭنى ئېتىزلىقتا يەر سۇغىرىۋاتقان يېرىدىن «تاش-
قى موڭغۇلىيىدىن ئەلچىلەر كەلدى» دېگەننى باھانە قى-
لىپ چاقىرتىپ «قالماق بۇلاق» دېگەن يەرگە كەل-
گەندە يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن تىرىك قولغا چۈ-
شۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر دانە خازىچاڭنىمۇ
تارتىۋالدى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئېتىزلىق-
تا يەر سۇغىرىۋاتقان ئۈچ نەپەر جەڭچىنى تۇتۇپ
باغلىدى. ئاندىن كېيىن 30 نەپەر ئادەم قوراللىنىپ

دۈشمەننىڭ قىرساي دېگەن يېرىدىكى ھەربىيلەرنى يوقىتىشقا ئاتالاندى. ئۇلار قىرساي كارىز دېگەن يەرگە بېرىۋېلىپ مۇنداق ھىيلە ئىشلەتتى: بىر خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇرنى يېڭىفاڭغا كىرگۈزدى. ئۇ: «سىلەر يەر سۇغىرىۋاتقان سۇ توغان ئېلىپ كېتىپ لاۋبەيشىڭلارنىڭ يېڭىدىن تېرىغان يەرلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى. جۇيىنجاڭ سىلەردىن ئۈچ ئادەم يېڭىفاڭنى ساقلاپ قالسۇن، قالغانلار تېزدىن سۇ ئېلىپ كەتكەن يەرگە يېتىپ كەلسۇن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايمىز دەپ ئاتالمىش بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن يېڭىفاڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر جەڭچىنى قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى قوراللىرىنىمۇ ئالماي، قولىغا گۈرجەك ئېلىپلا ئېتىزلىققا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بۇلار دارساڭ دېگەن يەرگە بارغاندا 17 نەپەر يول توساپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىفاڭنى قورشاپ تۇرغان 30 نەپەر كىشى يېڭىفاڭغا بېسىپ كىرىپ بىخارامان تۇرغان ئۈچ نەپەر جەڭچىنى تىرىك تۇتۇۋالدى. بۇلاردىن بىر نەپەر بەنجاڭ چەنباش ئىكەن. قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى قورال بار ئۆيگە كىرگۈزمەي خېلىلا ئېلىشقان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن بەنجاڭنى توخماق بىلەن ئۇرۇپ ھالسىزلاندۇرۇپ، گازارما ئۆيگە بېسىپ كىرىپ 11 تال چېچۇ مىلتىق، بىر دانە دۇربۇن، نۇرغۇن ئوق، دورا، شۇلۇدەنلەرنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. ئۈچ نەپەر جەڭچىنىمۇ تىرىك تۇتۇۋېلىپ

قالماق بۇلاقتىكى سەدەن شيەنجاڭغا تاپشۇرىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ نومۇدىكى 15 نەپەر جەڭچىدىن بىرسى خۇ-
فۇيىڭجاڭنى قوغداپ بىر دانە ئاپتومات بىلەن ئارا-
تۇرۇككە كېتىپ قالغان ئىدى. جياۋ لىيەنجاڭ بىلەن
13 جەڭچىنى ئىردىك قولغا چۈشۈرىدۇ. ئىسيانچىلار قىر-
ساي يىڭفاڭنى ئېلىشقا كەتكەن ۋاقىتتا جۇلىيەنجاڭ قال-
ماق بۇلاقتا بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلغانىدى. جۇ-
لىيەنجاڭ تۇپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى نامانشاغا: «سى-
لەر دۈشمەنلەرنىڭ سۆزىگە ئالداندىڭلار، گۇڭسەنداڭ
پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلدى. جياڭ جېشىدەك كۈچ-
لۈك دۈشمەننى يوقىتىپ شىنجاڭغا چىقىپ، شىنجاڭنى
ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. سىلەر بۇ پەيلىڭلاردىن يېنىپ
مېنى قويۇپ بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلماي بىزنى
ئۆلتۈرسەڭلەر پۇشايمان يەپ قالىسىلەر» دېدى. لېكىن
سەدەن بىلەن نامانشالار بۇ سۆزلەرگە قىلچە پىسەنت
قىلمىدى. جۇلىيەنجاڭ قامالغان ئۆيدىن بىر ئامال قى-
لىپ قېچىپ چىقىپ، قىرساي يىڭفاڭغا قاراپ كېتى-
ۋاتقاندا تۇپىلاڭچىلار كۆرۈپ قېلىپ، ئاتلىق قوغلاپ
يېتىشىۋالىدۇ. جۇلىيەنجاڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ تو-
پىلاڭچىلارنى يېقىن كەلتۈرمىگەندىن كېيىن مەمەت-
نىياز فۇبوجاڭ جۇلىيەنجاڭنى قورال بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.
قالغان 13 نەپەر جەڭچىدىن بىر نەپىرى خۇيزۇ بولۇپ،
ئۇنى نومۇدىكى خۇيزۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بىر نە-
پەر كىچىك جەڭچىنى ئىسمايىل موللا بېقىپ بالا قى-
لىۋالىدۇ. قالغان 11 جەڭچىنى نومدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.
سەدەن شيەنجاڭ 1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

نوم - ئاداقچىلاردىن بولۇپ، 30 نەپەر پالۋانغا ئامان-
شا بوجاڭنى باشلىق قىلىپ ئۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.

## جياۋفۇگۇي فۇليەنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى

جياۋفۇگـۇي ئەر، خەنزۇ، 1925 - يىلى تۇغۇلغان.
سەندۇڭ ساۋشەن 10 - رايونىدىكى جياۋفامىلىلىك كەنت-
نىڭ ئادىمى. 1943 - يىلى 6 - ئايدا ئەسكەرلىككە
قاتناشقان. شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كـومپارتىيە-
سىگە كىرگەن. ئەسكەرلىككە كىرگەندىن كېيىن بىريۈز
قانچە قېتىم چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلارغا قـاتناشقـان.
يەنئەننى قوغداش جېڭىدە (گولەنسەننى قوغداش جې-
ڭىدە) ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي ئالغا چامدىغان با-
تۇر يـولۋاس، دېگەن نام بېرىلگەن. ئىلگىرى - ئا-
خىر بـولۇپ 10 قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. يە-
نە جياۋداۋ دۈيىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى. يول-
داش جـياۋفۇگۇي ئاراتۇرۇكنىڭ ئازادلىقى ئـۈچـۈن
شەرەپ بىلەن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى.

## باي يېزىسىدىكى ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىـنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى

بايدىكى ئېلى سەنيى، توخنىياز بـوجاڭلار، ئە-
بەيدۇللانىڭ بۇيرۇقى بويىچە 1950 - يىلى 4 - ئـايـ
نىڭ 2 - كۈنى بايدىكى پەيچۇسونىڭ قـوراللىرىنـى

ئالدى بىلەن يىغىۋالىدۇ. شۇ كۈنى بايدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيە چەكچىلىرى يىگىنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر ئارمىيىنى قالدۇرۇپ 10 نەپەر ئارمىيە چەكچىسى بەنجاگىنىڭ باشچىلىقىدا ئېتىزلىقتىكى تېرىيدىغان يېرىنى گۈرجەك بىلەن تېپىپ ئاغدۇرۇۋاتاتتى. قوراللىرى ھەم ئېتىزلىقتا ئىدى. (ئېلى سەنبىلەر يىگىناگىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا ئۈچ نەپەر چەكچىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئېتىزلىقتا 20 ئادەم گۈرجەك كۆتۈرۈپ بېرىپ چەكچىلەرگە يەر تېپىشىپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يەر ئۆرۈشكە كىرىشىدۇ. چەكچىلەرنىڭ قورالى بار يەرگە يېقىن بارغاندا قورال بۇلاشقا يۈگۈرۈشىدۇ. بۇ ئەھۋالنى چەكچىلەرمۇ ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغاچقا تېزلىك بىلەن ئۆز قوراللىرىنى ئۆزلىرى ئېلىۋالىدۇ. شۇ ئارىلىقتا توپىلاڭچىلار ھەربىيلەرگە يېقىن كېلىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى ئېسىلىدۇ. چەكچىلەر گۈرجەك بىلەن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېلى ناسىر دېگەننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. توپىلاڭچىلار ئارقىسىغا يېنىپ قاچىدۇ . چەكچىلەر ئېرىق ئىچىگە مۆكۈنۈپ ئابرۇن ئالىدۇ. توپىلاڭچىلار ھەربىيلەرگە قارىتىپ ئوق ئېتىشنى باشلايدۇ، چەكچىلەرمۇ توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ جەڭ تۆت سائەتتەك داۋاملىشىدۇ. ئاخىرى توپىلاڭچىلار ئەلچى ئەۋەتىپ تاغدا تۇرۇۋاتقان جانابىل دېگەن باندىتتىن ياردەم سورايدۇ. جانابىل 20 نەپەردەك قوراللىق ئاتلىق باندىتنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. دۈشمەن كۈچى زورىيىدۇ. چەك-

چەللەر ئېرىق ئىچىدە بولغاچقا دۈشمەنلەرنىڭ بىرتال
ئوقىمۇ تەگمەيدۇ. دۈشمەنلەر ئۇرۇش قىلىش بىلەن
جەڭچىلەرنى يېڭىشكە كۆزى يەتمەيدۇ. سۈلھى قىلىشقا
ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار «قورال تاپشۇرساڭلار ئۆل-
تۈرمەيمىز» دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن جەڭچىلەر
ئويلىنىپ، قورال تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ. شۇ ۋا-
قىتتا جەڭچىلەرنىڭ ئوقى تۈگەپ قالاي دېگەنىدى.
يەيدىغان نانلىرىمۇ، ئىچىدىغان سۈيىمۇ تۈگىگەنى-
دى. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا جەڭچىلەر قورال تاپ-
شۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. دۈشمەن قوراللارنى ئېلىۋې-
لىپلا 13 نەپەر جەڭچىنى بىرىنىمۇ تىرىك قويماي ئې-
تىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاساسلىقى تاغدىن چۈشكەن بان-
دىت جانابىلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئېتىپ ئۆلتەر-
دى. شېنىڭ بىلەن 10 تال چىچەنى بايچىلار بىلەن
جانابىل باندىتلىرى بەش تالدىن بۆلۈشۈپ ئالدى.
شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا 10 نەپەر قورال ئادەم ئارا-
تۈرۈكتە بولغۇسى ئۇرۇشقا ماڭغۇزۇلدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاراتۈرۈك ناھىيە
ئورنىدا مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئەھۋالنى قىزمۇل ۋى-
لايەتتىكى باش شتابقا دوكلات قىلىش ئۈچۈن بەش
نەپەر جەڭچىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلارمۇ تۈركۆلدە تىرىك
تۇتۇلۇپ ئاراتۈرۈكتىكى ئەبەيدۇللاغا تاپشۇرۇپ بېرىل-
دى. ئاراتۈرۈكنىڭ ئىچىدىكى ھەربىيلەرنىڭ سىرتتا-
چىقىشىغا ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوق ئىدى. تۈر-
كۆل يېزىسىدىكى توپىلاڭچىلار تەنسەن رايونىدىكى
خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ بارلىق يول ئېغىزىنى دا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاڭ يوللىرىنى توسۇپ ئىگەللىگەنىدى. ئاراتۇرۇكتىن قومۇلغا بارىدىغان تېلېفوننىڭ بارلىق سىم تۈۋرۈكلىرىنى باندىتلار تەرىپىدىن كېسىپ ئېلىپ كېتىلدى. ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. جەڭچىلەر مۇشۇ ھالەتتە يۇقىرىدىن ياردەمگە ئادەم كەلمىسە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۈشمەننىڭ ئادىمى كۆپ بولۇپ، ئالتاي تەرەپتىن ئوسمان باندىت ئۆلۈكۆي تاغلىرىغا كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغانىدى. چىڭخەي تەرەپتىن باندىت جانابىل 600 دەك قوراللىق، ئاتلىق ئادىمى بىلەن ئاراتۇرۇكنىڭ چوڭقۇر دېگەن يېرىگە كېلىۋالغانىدى. قىزىلدىن يولبارس ئېرىنكىرگە 200 دەك گومىنداڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاراتۇرۇك ئالتە يۇرتتىن ئاراتۇرۇكنىڭ ئىچىگىلا 200 دەك ئادەم توپلانغانىدى. ئالتە يۇرتنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان قوراللىق ئادەملەر بۇنىڭ سىرتىدا. مۇشۇنداق مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىدىن جەڭچىلەر ھەرقانچە ئامال قىلسىمۇ چىقالمايتتى. ئەگەر سىرتقا چىقسىلا يوقىتىلىپ كېتەتتى. شۇڭا ئاراتۇرۇك ناھىيە ئورنىنى ساقلاپ يېتىش مۇۋاپىق ئىدى.

## ئاراتۇرۇك شار ئۆيلەردىكى جەڭ

ئەبەيدۇللانىڭ باشچىلىقىدا، ئاراتۇرۇككە كېلىپ ئورۇشقا قاتنىشىدىغان ئادەملەر بۇلاق بېشىغا توپلى-

نىدۇ. نوم، ئاداقتىن 30 نەپەر قوراللانغان ئادەم كې—
لىدۇ. تۇركۆل، دازىگودىن 60 نەپەر قوراللانغان ئات—
لىق ئادەم كېلىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق ئارىلاش بولۇپ،
بايدىن 10 نەپەر ئاتلىق ئادەم كېلىدۇ. ئاراتۇرۇكنىڭ
قورال تۇتقىدەكلا ئادىمى ئاتلىنىپ يىغىلىدۇ. يىغىل—
غان ئادەم تەخمىنەن 300 — 400 دەك بولۇپ، ئالدى
بىلەن بۇلاق بېشى دېگەن جايدا مال، ئات، كالا سو—
يۇپ خۇدادىن مەدەت تىلەپ بىر چوڭ نەزىر قىلىدۇ.
نەزىرنىڭ ئاخىرىدا ھەر قايسى ھۇجۇم نۇقتىلىرىغا ئا—
دەم تەقسىم قىلىپ باشلىقلار بەلگىلىنىدۇ. نوم بىلەن
ئاداقتىن كەلگەن 30 نەپەر كىشىگە ئامانشا بوجاڭ
تۇەنجاڭ، ھەسەن تۇڭگان فۇتۇەنجاڭ بولۇپ، ئاراتۇ—
رۇك شار ئۆيلەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن يېڭىفاڭغا
بېسىپ كىرمەكچى بولىدۇ. ئاراتۇرۇك تۇركۆلدىن كەل—
گەن 30 نەپەر كىشى شار ئۆيلەرنىڭ غەربىي تەرى—
پىدىن ساقچى ئىدارىسى ئارقىلىق يېڭىفاڭغا بېسىپ
كىرمەكچى بولىدۇ. بۇلارغا تۇرغۇنجان تۇەنجاڭ بو—
لىدۇ. ناھىيىنىڭ شىمالىي تېغىدىكى ئۈچ پوتەينى ئا—
راتۇرۇكنىڭ بىر قىسىم ئادىمى بىلەن تۇركۆلنىڭ ئا—
دەملىرى ئالماقچى بولىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
شەرقىي تەرىپىدىكى، تاغدىكى پوتەينى چوڭ تاش، بەل—
چىرلىك ئادەملەر ئالماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا ناسىر
يىنجاڭ، ھاپىز تۇەنجاڭلار مەسئۇل بولىدۇ. چوڭ ئۆي—
لەرنىڭ ئارقىسىدىكى پوتەينى تۇركۆل، نىرىنكىردىن
كەلگەن قازاقلار ئالماقچى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن
ھەممىسى بىردەك 4 — ئاينىڭ 6 — كۈنى يېرىم كې—

چېدىن كېيىن ھۇجۇم نۇقتىلىرىغا يېتىپ كېلىپ تاڭ سەھەردە ئاتاكىغا ئۆتۈش قارار قىلىنىدۇ. ھەمدە ئەبەيدۇللانىڭ ئالدىدا: «ئۆلسەك شەھىت، قالساق غازى، غەلىبە قىلمىغىچە جەڭدىن قايتمايمىز» دەپ قەسەم بېرىدۇ. بۇ 1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىدى. بىراق ئاراتۇرۇكلۇك 30 كىشى ئالدىراپ كېتىپ يېرىم كېچىدىلا شار ئۆيلەۋدىكى ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىرىپ ساقچى ئىدارىسىنى قوغداپ تۇرغان جەڭچىلەر بىلەن ئۇرۇشنى باشلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەر تۆت تەرەپتىكى مۇھىم جەنلۆلىك ئورۇنلارغا چىقىپ ئابرۇن ئېلىپ بولىدۇ. نەتىجىدە توپىلاڭچىلار قالايمىقانلىشىپ، بەزىلىرى تاڭ ئاتقاندا، بەزىلىرى كۈن چىققاندا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. شەرق تەرەپتىن كىرىدىغان ناماشانىڭ ئادەملىرىدىن ئىككىسى ئۇرۇش ئورنىغا بارمايلا يارىدار بولۇپ ھېچقانداق ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. خوچېڭگەن فۇيىڭجاڭ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئالدى بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. جەڭچىلەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىسيانچىلاردىن ئۇزۇن توختىمەت دېگەن ئادەم ساقچى ئىدارىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى پوتەينىڭ بېشىغا چىقىپ ئاق. بايراقنى پۇلاڭلىتىپ «گومىنداڭ بولساڭ بىزگە ئۆت، كۆڭسەنداڭ بولساڭ قورال تاپشۇر! ئەگەر قورال تاپشۇرمىساڭ بىرىڭنى تىرىك قويماي ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىمىز!» دەپ تۈۋلاپ بولۇشىغىلا جەڭچىلەر ئاتقان بىر پاي ئوق توختىمەتنىڭ قاق

پېشانىسىگە تېگىپ مېڭىسىنى چۇكزۇۋېتىپتۇ. شۇ ئار-
لىقتا يەھيا باقى دېگەن بىرەيلەننىڭ پۇتىغا ئوق
تېگىپ ئۈزۈلدۈ ۋە شۇ جايدىلا جان ئۈزدى. بىزنى
كۆرگەن توپىلاڭچىلار پات - پاراقلىشىپ ساقچى ئى-
دارىسىنىڭ غەربىي - شىمال بۇلۇڭىدىكى پىرتەينى تې-
شىپ چىقىپ بەدەر قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغ بېشى-
دىكى جەڭچىلەر تاغنىڭ قاق بېلىگە چۈشۈپ قاچقان-
لاردىن ئاتتە نەپەر كىشىنى ئۆلتۈردى. ساقچى ئىدارى-
سى تەرەپكە كىرگەن 30 نەپەر ئادەمدىن سەككىز نە-
پىرى ئۆلدى. 16 نەپىرى يارىدار بولدى. ئارانلا ئال-
تە نەپىرى ساق قېلىپ قايتىپ چىقىدۇ. ئازادلىق ئار-
مىيە جەڭچىلىرى ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىرگەن
توپىلاڭچىلارنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، شەرقتىن
كىرگەن توپىلاڭچىلارغا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بىردەمنىڭ
ئىچىدىلا دورغا غوجامنىياز بىلەن ئوسمان مەمەتنىياز
دېگەن ئىككى كىشىگە ئوق تېگىپ ئۆلدى. توپىلاڭ-
چىلار شەرققە قاراپ قاچىدۇ. ئۇ يەردە يەنە ئىككى
ئادىمى يارىدار بولدى. بۇ كۈندىكى جەڭ مىلتىق،
زەمبىرەك، شۇلىيودەن، چاڭلودەنلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن
ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك سادا پەيدا قىلىپ، دۈشمەننى
ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. يەر - جاھاننى ئىس - تۈتەك
بېسىپ ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدىغان تۈسكە
كىرىدۇ. دۈشمەنلەر ھۇشۇ كۈنكى جەڭدە قورقۇپ كې-
تىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قېلىپ، ئىككىنچى
قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەيدۇ. شار ئۆيلەردىكى بىر
قاتتىق ئۇرۇشتا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بەش

نەپەر جەڭچى قۇربان بولدۇ. توپچىلاڭچىلار قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشتىكى جاسارىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە مۇنداق دېيىشكەن: «بىز گۇڭچەنداڭنىڭ ئەسكىرىنى، گومىنداڭنىڭ سېرىق ئاياغ ئەسكىرىگە ئوخشاشمىكىن دەپتىكەنمىز، بۇلار بەك جاھىل ئىكەن، بىر ئادىمى قالمىغىچە ئۇرۇشۇپ تۇرىدىكەن) ھەرگىز مۇتەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرمايدىكەن» دېگەن.

1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچىدە ھەسەن تۇڭگاننىڭ باشچىلىقىدا 10 نەچچە ئادەم يوشۇرۇن ھالدا جەنۇبىي تاغدىكى پوتەيگە يېقىن بېرىۋېلىپ بەش تال شۇلىيۇدەننى پوتەينىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتكەندە ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بىر نەچچە جەڭچى جاراھەتلەنگەن. پوستتا تۇرغان پوتەي ئۈستىدىكى جەڭچىمۇ دۈشمەنگە قارىتىپ بىر دانە شۇلىيۇدەن ئاتقاندىن كېيىن، بىر نەپەر توپچىلاڭچى شۇ يەردىلا پارتلاپ ئۆلگەن. بىر نەپىرى يارىلانغان. شۇنىڭ بىلەن توپچىلاڭچىلار ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كەتكەن.

شەھەرنىڭ غەربىي - شىمالىدىكى پوتەينى دۈشمەنلەر ئىگىلىۋالغان ئىدى، خۇچىڭسەن مۇئاۋىن يىڭجاڭ، جۇكەجەن مۇئاۋىن پەيجاڭنى 10 نەپەر ئارمىيە جەڭچىسى بىلەن پوتەينى دۈشمەنلەردىن قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ جەڭچىلەر پوتەيگە كېچىسى يېقىن بېرىۋېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. پوتەي ئىچىدىكى ئۈچ نەپەر دۈشمەن قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ. پوتەينى ئازادلىق ئارمىيىلەر ئىگىلەپ شىمالىي تاغدىكى ئاپەتنىڭ خەۋپ-

خەتىرىنى تۈگىتىدۇ. بىراق تاغدىكى پوتەيلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان جەڭچىلەر سۇدىن قىسىلىدۇ. دەسلەپتە يىڭفاڭ ئىچىدىكى قارا ئاتقا ئىككى ياغاچ تۇڭنى ئار-تىپ، ئۈچ نەپەر ئارمىيە تاغ بېشىغا چىقىدىغان ئارقا يول بىلەن سۇ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇنى كۆرگەن دۈش-مەنلەر يول توساپ تۇرۇپ، سۇ ئېلىپ چىقىپ كېلى-ۋاتقان بىر ئارمىيىنى ئېتىپ قۇربان قىلىپ قويىدۇ. بىراق قارا ئات دۈشمەنگە تۇتۇق بەرمەي، قېچىپ يىڭ-فاڭغا كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغ بېشىغا شى-مالىي تەرەپتىكى تىك قىيا تاغ يولى بىلەن قارا ئاتقا ئىككى تۇڭنى سۇغا تولدۇرۇپ دەسلەپتە ئىككى ئارمىيە يول باشلاپ، بىر ئارمىيە ئاتنى يېتەكلەپ تاغ بېشىغا غەربىي جىلغا ئىچى بىلەن سۇ ئېلىپ چى-قىدۇ. ئات ئوبدان ئۆگىنىپ قالغاندىن كېيىن، سۇنى تۇڭغا قاچىلاپ ئاتقا ئارتىپ، غەربىي جىلغىنىڭ يو-لىغا سېلىپ قويسا، قارا ئات ئۆزىلا سۇنى تاغ بېشى-غا ئېلىپ چىقىدىغان بولغان. بۇ ئات ئۇدا 40 كۈن ئۆزى سۇ ئېلىپ، چىقىپ تاغ بېشىدىكى قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى تەمىنلەپ، ئاراتۆرۈكنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئازادلىققا ئېرىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ ئات-قا تۆھپىكار قارا ئات دەپ نام بېرىلدى. بۇ ئات 1958 - يىلى قېرىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ قالدى. ئات-نىڭ ئۆلۈكى تاغ قاپتىلىدىكى سۇ توشۇغان يولغا قويۇپ كۆمۈلدى. ھازىر ناھىيىمىزدىن كۆچ چىقىرىپ بۇ ئاتنىڭ تاش ھەيكىلى ئۈچ تۈمەن يۈەنگە ياسى-لىپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى تاغ بېشىغا ئور-

نىتىلىپ، ئەتراپىغا تۆمۈردىن رېشاتكا ياساپ، ئاسار-
ئەتىقە ئورنىدا مۇھاپىزەت قىلىنماقتا.

ئاراتۈرۈكتە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغالغان-
لىق تۈپەيلىدىن، ئاراتۈرۈكتىكى ئارمىيەلەرنىڭ قۇمۇل
بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. قۇمۇلدا تۇر-
ۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيەلەرنىڭ باش شتابى، ئارا-
تۈرۈكتىكى ئارمىيەلەردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، بىر
يىڭ ئارمىيىنى قۇمۇلدىن ماڭغۇزدى. بۇ ئارمىيەلەر كۆشۈتى
ئېغىزىنىڭ تاش بوغتان دېگەن يېرىدە چىققاندا دۈش-
مەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئازراق چىقىم-
دار بولدى. ئەمما بۇ تار جىلغا بولغىنى ئۈچۈن
ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. دۈشمەنلەر
ئىككى تەرەپتىكى تاغ بېشىنى ئىگىلەپ بولغانىدى.
شۇ خىل ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن ئازادلىق ئار-
مىيەلەر چېكىنىپ قۇمۇلغا قايتىپ كەتتى. ئازادلىق ئار-
مىيىنىڭ قۇمۇلدىكى رەھبەرلىك شتابى نېمە بولسا
بولسۇنكى ئاراتۈرۈكتىكى ئارمىيەلەرنىڭ بىر ئۇچۇرى-
نى بىلىش كېرەك دەپ قارار قىلىپ، 48 - تۈەن 2 -
يىڭنى شوپۇل ئارقىلىق سەڭگىداۋان بىلەن ئاراتۈ-
رۈككە بېرىشقا چىقىردى. ئارمىيەلەر قۇمۇلدىن ماڭ-
غانچە تاشبۇلاق دېگەن يەرگە چىقىپ ئۈچ نەپەر خە-
نزۇغا يول باشلاتقۇزدى. بۇ خەنزۇلار باي، پومېشچىك-
لاردىن ئىدى. بۇلار يول باشلاپ سەڭگىداۋان، تال
كۆندۈ دېگەن يەرلەر بىلەن تاغ يوللىرىنى بېسىپ مېڭىپ
1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەن-
دە ئاراتۈرۈكنىڭ جەرەن قوروغا (ھازىر جافاڭقورو)

كەلگەندە ئاراتۇرۇكتىكى توپىلاڭچىلاردىن 200 — 300
ئادەم كېلىپ، ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ. توپى-
لاڭچىلار تۆت ئەتراپتىكى تاغلارنى ئىگىلىۋالغان،
ئارمىيىلەر بولسا بىر ئويمانلىق ئىچىدىكى ئېدىرغاندا
مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ئەم-
ما ئالغا ئىلگىرىلەشكە مۇمكىن بولمايدۇ. ئامال بول-
مىغاندا جەڭچىلەر خەت يېزىپ قارشى تەرەپكە بىر
ئەلچى ئەۋەتىدۇ (ئۇ تاشۋىقاتتىن يول باشلاپ كەلگەن
بىر پومېشچىك خەنزۇ ئىدى). خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:
«سىلەر بىر ئۈچۈم باندىتلار تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان
خەلق. بىز بىلەن ئۇرۇش قىلمىز دېمەڭلار. بىز بول-
ساق بىر كۈچلۈك پارتىيىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئارمىيە،
بىزگە تەسلىم بولۇپ ئەل بولۇڭلار». توپىلاڭچىلار بۇ
خەتنى ئوقۇتۇپ كۆرۈپ، ئۆز نىيىتىدىن يانمايدۇ. ئۇ-
لارمۇ بىر خەنزۇغا خەت يازغۇزۇپ مۇنداق جاۋاب
قايتۇرىدۇ: «سىلەر بىزگە تەسلىم بولۇڭلار، بىزنىڭ كۈ-
چىمىز سىلەردىن كۆپ، بىز ئاراتۇرۇكتىكى جەڭچىلەر-
نىمۇ تامامەن يوقىتىپ، ئاراتۇرۇكتىكى بارلىق قورال-
ياراق، ئوق، شۇلۇدەن، داپو، پەيجىپولىرىڭلارنى ئې-
لىپ بولدۇق. ئاراتۇرۇككە بارغىنىڭلار بىلەن ئاراتۇ-
رۇكتە ھەربىي يوق. ئۆزۈڭلارمۇ تامامەن يوقىلىسىلەر».
بۇ خەتنى كۆرۈپ جەڭچىلەر ئارقىغا چېكىنمەكچى بو-
لىدۇ. شۇ كېچىسى ئايمۇ يوق ئىدى. جەڭچىلەر قا-
راڭغۇ كېچىدە يولدىن ئېزىپ كېتىپ تۈزلەڭلىككە چۈ-
شۈپ قالىدۇ. بىر قىسىم جەڭچىلەر سەپتىن ئايرىلىپ
قالىدۇ. يول تاپالماي تاغ ئېغىزلىرىغا كىرىپ تېنەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ. ئەتىسى دۈشمەنلەر پۈتۈن تاغ بېشى،
تاغ ئاغزى يوللارنى ئىگىلەپ ئېلىپ جەڭچىلەرلى ئۆل-
تۈرگەننى ئۆلتۈرۈپ، يارىلانغانلىرىنى ئەسىر ئېلىپ 40
نەچچە نەپەر جەڭچىنى پىيادە ھەيدەپ، بولاق بېشىغا
ئېلىپ بېرىپ، ئەبەيدۇللاغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

تۈزلەڭلىكتە چۈشكەن ئارمىيە شۇ ماڭغىنىچە
يامانتى كۆندۈنىڭ بېشىدىكى ھېشىم بولاق كۆندۈسى
بىلەن مېڭىپ، تال كۆندۈگە چۈشۈپ سەڭگى داۋاننى
داۋاپ، شوپۇل ئارقىلىق قۇمۇلغا كېتىپ قالىدۇ. كەل-
گەن ھەربىينىڭ سانى قانچە، قانچىسى ئۆلۈپ، قان-
چىسى تىرىك قېلىپ قۇمۇلغا باردى، بۇنىڭ سانى
ئېنىق ئەمەس، ئىشقىلىپ زىيان كۆپ بولىدۇ.

باشتا ئېيتتۇق: ئەسىرگە چۈشكەن 40 نەچچە
جەڭچى ئىدى. ئەبەيدۇللا بولارنى بولاق بېشى دېگەن
يەردە ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا توپىلاڭ-
چىلاردىن ئۈچ ئادەم ھېشىم بولاقتا بولغان ئۇرۇشتا
ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆل-
تۈرۈلدى (بولار سەدۇل سەنيى، تۆلەڭباي، ئابلىم-
باي دېگەن تۈركۆللۈك ئادەملەر ئىدى).

1950 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئىچىدە، ئازادلىق
ئارمىيىنىڭ 16 - دىۋىزىيە 46 - تۈەنىگە ئۈچ ۋىلا-
يەتتىن كەلگەن مىللىي ئارمىيە قوشۇلۇپ، سار قو-
مۇش، خۇڭلىشا، كۆك سەركە دېگەن جايلارغا ئورۇنلى-
شىۋالغان ئوسمان باندىت بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى
نېرىنكىرىنىڭ ئولوگزي تېغىغا قاچۇرۇپ، ئارقىدىن ئىز-
مۇ ئىز قوغلاپ كېلىپ نېرىنكىرىنىڭ تامىلىق دېگەن.

جايىدا، بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلىندۇ. ئوسمان بان-
دىت ئۇلوكۆي تاغلىرى ئىچىدىكى چوڭ دەرەخلىق غول-
غا قاچىدۇ. ئارمىيىلەر تاملىقنى ئىگىلەپ بىر كۈن
تۇرۇپ، شۇ كېچىسى سۇمۇستانغا كېلىپ بىر كۈن هار-
دۇق ئېلىۋېلىپ، ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئوسمان بان-
دىت بىلەن يولبارسلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى. بىر
قانچە سائەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن، ئوسمان باندىت
پۈتۈن ئېلى بىلەن قاچىدۇ. ئارمىيە ئۇنىڭ بىر قان-
چە مىڭ چارۋىسىنى غەنىمەت ئالىدۇ. ئوسمان شۇ
قاشقىنىچە باينىڭ ئۆمۈر تېغىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. يول-
بارس چوڭ دەرەخلىقتىن ئۆتۈپ بوروۋسۇن دېگەن
جايغا كېلىپ بىر كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن تۆمۈرتىگە ئۆ-
تۈپ، ئېدىر، قاراقاپچىن، باغداش دېگەن جايلاردا مۆ-
كۈنۈپ يۈرۈپ، ئۇ يەرلەردە تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى
يوقلۇقىدىن ئارقىغا يېنىپ بۆلۆداۋان بىلەن مېڭىپ
شوپۇلغا بارىدۇ. شۇ كۈنىلا قۇمۇلدىن 13 ماشىنا
ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى چىقىپ شوپۇلنىڭ ئالى-
ۋەر دېگەن يېرىدە بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلىندۇ.
يولبارس ئۆمۈر تېغىنىڭ تاز بۇلاق دېگەن يېرىگە
قېچىپ كېتىدۇ. 46 - تۈەن ئوسمان بىلەن يولبارس-
نى ئۇلوكۆي تاغلىرىدىن قاچۇرغاندىن كېيىن قايتىپ
سۇمۇستانغا كېلىپ هاردۇق ئالىدۇ. مىللىي ئارمىيە
ئاتلىق ئالدىدا مېڭىپ، ئازادلىق ئارمىيە ماشىنا بى-
لەن كەينىدىن مېڭىپ، ئاراتۇرۇككە قاراپ يولغا چى-
قىپ دازىگوغا كەلگەندە، يول توسۇپ ياتقان باندىت-
لار بىلەن توساتتىن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى قۇربان بولىدۇ. مىللىي ئارمىيە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ، يول توسقانلار قېچىپ كېتىدۇ. ئارمىيە شۇ ماڭغىنىچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي ئاراتۇرۇككە يېتىپ بارىدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيە ئىچىدە يولداش خۇچىڭسەننىڭ باشچىلىقىدىكى قەھرىمان 2 - لىيەن تىنچ ئامان بار ئىكەن. ئىككى ئارمىيە غەلىبىلىك ھالدا ئۇچرىشىدۇ. بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئاراتۇرۇكنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئازاد بولۇشى.

ئاراتۇرۇككە كەلگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ پولك سىياسىي كومىسسارى ئىمىنوپ ئىلاخۇن ئىدى. پولك باشلىقى ئىسمائىلوپ مۇھەممەت ئىدى. 6 -، 7- لىيەننىڭ لىيەنجاڭى تۇردىيوپ ئەخمەت ئىدى. 8 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى جاڭفۇشاڭ ئىدى. مىللىي ئارمىيىگە دۇرزىيىدىن يولداش خۇدەيجىننى سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى.

ئازادلىق ئارمىيە تۇەنىدىن مىللىي ئارمىيىلەرنى ئاراتۇرۇك تېغىدا قېچىپ يۈرگەن ئامىمىنى قايتۇرۇپ چۈشۈشكە چىقاردى. شۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقانىنى كۆرۈپ، ئاراتۇرۇكنىڭ قايمۇققان يەرلىك خەلقى تۆگە دۆڭگە دېگەن تاغقا چىقىۋېلىپ، مىللىي ئارمىيىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. مىللىي ئارمىيە ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئىككى كىشىنى ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىنلا قالغانلىرى قېچىپ باشقا تاغقا كېتىپ قالىدۇ. مىللىي ئارمىيە قاچالماي قالغان ئامىمىغا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئاراتۇرۇك

خەلقى ئۆزلۈكىدىن قورال تاپشۇرۇپ، ئەل بولۇپ، ئۆز ئۆي - ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىپ، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى. ئارىدىن ئەنچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، خەنزۇ قوشۇن ئاداق، نومغا بېرىپ خەلقلەرنى ئازاد قىلدى. مىللىي ئارمىيە باينىڭ ئۆمۈر تېغىغا بېرىپ، خەلقلەرنى ئەل قىلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ئوسمان باندىت، جانابىل باندىتلار بىلەن يولبارس بىرلىشىپ ئالىقاچان چىڭخەينىڭ خانانبار تاغلىرىغا قېچىپ كېتىدۇ. ئاراتۇرۇكتىكى 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭي غەلىبە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يولبارس، ئوسمانلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى كىتابىمىزدا بايان قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 17. نومۇلۇقلارنىڭ قەدىمكى ئويۇنى — باھار مەشرىپى

ئەمەت جېلىل

نوم يېزىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىرى مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك. بۇ جايدا بۇغداي، قوناق، قوغۇن، تاۋۇز، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئالما قاتارلىق ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ.

يەر ئاستى بايلىقلىرى مول بولۇپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

كىشىلەر نومنى ئاراتۇرۇكنىڭ ئاشلىق ئامبىرى دەپ ئاتىسا، قۇمۇل خەلقى قەدىمىي ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەلمىساقتىن بۇيان بۇجايدىكى ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. نومنىڭ يوللىرى پۈتۈنلەي تاغ-ئېدىر، چۆل - جەزىرە بولغاچقا ئۆتمۈشتە قۇمۇل ۋاڭلىرى ئادەملەرنى يولى مۇشەققەت قاچالمايدۇ، قاچسىمۇ يۇرتىنى تاپالماي تېنەپ ئۆلىدۇ دەپ، نومنى ئادەم پالايدىغان جايغا ئايلاندۇرغان.

بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق قوشاقلار تارقالغان:

نوم دېمەگىلەر نوم دېمەگىلەر،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قاڭغىرو تىكەن،
خەلقلىرى ئالۋاڭدىكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن بۇ جايىنىڭ قاتناش ئىشلىرى راۋاجلانغان بولسىمۇ، يەنىلا بېرىش - كېلىش ئىشلىرىدا قولايسىزلىقلار ساقلانغان. بۇ خىل تەبىئىي شارائىت بۇ يەردىكى ئاھالىلارنىڭ باشقا جايلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەڭ كونا تۇرمۇش ئىزىنى، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى، ئىپتىدائىي مەشرەپ - بايراملىرىنى تاشلىماي، ئەجدادلىرى قىلغاننى قىلىپ ياشاپ كەلگەن.

نوملۇقلارنىڭ باھار مەشرىپى قۇمۇل مەشرەپلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مەن بۇ ماقالىدا مەشرەپ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەمەن. قۇمۇل مەشرەپلىرىنىڭ بەزىلىرى پەسىل خاراكتېرلىك. مەسىلەن، قۇمۇل كۆك مەشرىپى — بۇنى 11-ئايلاردىن باشلاپ ئويناپ، زىمىستان چىللىدىن تارتىپ كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. تۈننىڭ ئۇزارغان ۋاقىتلىرىدا بەكلا ئەۋجىگە چىقىدۇ.

قار مەشرىپى — بۇ مەشرەپنى قۇمۇل خەلقى دەسلەپكى قار ياغقان كۈنلەردە ئوينايدۇ. ئەمدى نوملۇقلار باھار مەشرىپىنى، كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى خۇشال كۈتۈۋېلىش، (باھار ئايلىرىنى) يۈزىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن ئوينايدۇ. بۇ بىر خىل بايرام تۈسىنى ئالغان ئويۇن بولۇپ، ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنلىرىگە (نورۇز بايرىمىغا) توغرا كېلىدۇ.

بۇ مەشرەپ ھەققىدە نوم يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار مۇنداق نەزمە توقۇغان.

ئېشىك ئالدى مەجنۇن تال،
مەجنۇن تالدا مەشرەپ سال.

بايرام كۈنى ئەرلەر، ئىچىگە ئاق كۆڭلەك، يەكتەك كىيىپ، بېلىنى كۆك، قارا، قىزىل پوتا بىلەن باغلايدۇ، كۆك ئىشتان كىيىپ تىزىغا تىزلامچى تارتىدۇ.

ئاياللار بولسا، چىرايلىق يوگويەن چاپان، ئۇزۇن ئىلما كۆڭلەك، پۇشقاقلىرىغا چىلتەك تۇتۇلغان قىزىل، يېشىل ئىشتان كىيىدۇ.

قىزلار چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، كالتە چاپانلارنى كىيىپ، بېشىغا كالۋۇتۇن توقۇشلۇق ھەر خىل گۈللۈك دوپپىلارنى كىيىدۇ. يىگىتلەر كالتە كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى گۈللۈك پوتىلار بىلەن باغلاپ، ئۇلار يېنىغا ھەميان ئېسىپ، تىزلامچىنى ئۆتۈك قونچىدىن چىقىرىپ كىيىدۇ. ياكى بولمىسا، پۇتىغا ھەر خىل بېزەلگەن چورۇقلارنى تارتىدۇ.

ئۇششاق باللار تالدىن ھەر خىل بوم، زىل، ئوتتۇرا ئاۋاز چىقىرىدىغان پۇرگۇشلەرنى چىقىرىپ، تەييارلىق قىلىدۇ. نەغمە - ناۋاچىلار غىجەك، بەرباپ،

نەي، داپ، ناغرا ـ سۈنەيلەرنى تەييارلايدۇ. تەييارـ لىقلار پۈتكەندىن كېيىن، نوم خەلقى ئاتلىق، ھارـ ۋىلىق، تۆگىلىك، ئېشەكلىك كېلىپ توپلىشىدۇ. ساـ زەندە، نەغمىچىلەر باھار مەشرىپىگە تەييارلىغان ناخشاـ قوشاق، بېيىتلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ.

لەيلى مەجنۇن شاخ ئېگىلدى،
يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ ئالسۇن بۇ جاننى،
يا كۆڭۈل بەرسۇن ماڭا.

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
ھەسەل بىلەن ناۋاتقا ئوخشار،
بۇ سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭ.

لەيلى مەجنۇن تالىڭىز،
يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز.
يارىڭىزنى كۆرگۈچە،
تىرماقچە قاپتۇ جانىڭىز.

ئىشىك ئالدى تال ـ دەرەخ،
تال بولامدۇ، بولمامدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يار بولامدۇ، بولمامدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— لى سازەندىلەر خۇددى شائىرلاردەك دەرھال باھار بايرىمى بەزمىدىكى يېڭى ئەھۋاللارنى قوشاق قوشۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ. بۇنداق ناخشىلار مەشرەپ بەزمىلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىۋېتىدۇ.

سورۇلدا ياش - قېرى، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

نوملۇقلار يەرلىك ئۇسلۇپقا ئىگە ئويۇن - ئۇسسۇللارنى ياراتقان. (1) ئات ئۇسسۇلى: ئىككى تال ئەگمە تاياقنى بىر - بىرىگە چېتىپ، باش تەرىپىگە ئەگمە تاياقنى باغلاپ ئۇنىڭغا بىر ئۆتۈكنى تەتۈر كىيگۈزۈپ، ئات يايلىنى چىقىرىپ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسالغان قۇيرۇقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر ئەر يوگويەن ئايالچە چاپان كىيىپ، بېشىغا بورتۇمشال سېلىپ يۈز - كۆزىنى يېپىپ قولىدا قامچا تۇتقان ھالدا ئاتقا مىنىپ مەيدانغا چۈشىدۇ.

نەغمىچىلەر ناخشىنى ئۆزگەرتىپ ئات ئۇسسۇلىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. ئات مىنگەن چوكان ئاتنىڭ مېڭىشىنى دەرھال ئاھاڭغا ماسلاشتۇرۇپ يورغا سېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

ئات مىندىم دېگەن بىلەن،
باشىدا چىگە نوختا،
سەن ئىشىكتە قاراپ تۇر،
مەن چىقاي بىزە توختا.

ئېيتىم جەدە، ئېيتىم جەدە،
مىنىڭ نىم نەدە.
غانجوغامدا بەش جىلىك هاراق،
ئىچكىنىم نەدە.

دېگەن ناخشا بېيىتلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. «ئات» ئالدى - كەينىگە مېڭىپ، قىزىق هەرىكەتلەرنى چە- قىرىپ ئوينايدۇ. مەيدانىنى قاتتىق كۈلكە قاپلايدۇ. بۇنىڭغا ئۇلىنىپ بۆرگە ئۇسسۇلى باشلىنىدۇ. بۆرگە ئۇسسۇلىنى خەلق ئىچىدىكى ئىككى ئەر قىزىقچى ئۇس- سۇلچىلار هەجۋى هەرىكەت قىلىپ بۆرگىنى دوراش بىلەن هەر خىل شەكىل چىقىرىپ، مەشرەپ ئىشتىراك- چىلىرىنى كۈلدۈرىدۇ.

بۆرگەم، بۆرگەم بىر باتۇر،
چاشما يورتقاندا ياتۇر.
بۆرگەمنى سۇغا سالسام،
كۆزلىرىنى ئالايتۇر.

بۆرگەمنى بورا ئەتتىم،
تارتىپ بۇرنىدىن تەشتىم.
ئالتە ئايلىق ئوزۇق ئارتىپ،
يارىم بىلەن مىنگەشتىم.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلارنى ئېيتىپ بۇرنىدىن تەش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەنلىكىنى ۋە ئۆزئارا ئات مىنگەشكەن ھەرىكەتلى-رىنى چىقىرىپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ.

ئاتمىش چارەك ياغ چىقتى،
يەتمىش چارەك گۆش چىقتى.
ئاڭغىمۇ بەردىم بىر چارەك،
بۇڭغىمۇ بەردىم بىر چارەك.
قالدى ئۆزەمگە (تېرىسى).
تېرىسىنى ئېلىپ بېرىپ،
يۇنۇس كۇنچىگە بەردىم.
ئاتمىش كۇندە ئاشلاندى،
يەتمىش كۇندە رۇسلاندى.
موللا ئاكامغا غىلاپلىق،
قۇشناچىمغا ئويماقلىق.
يېرىم كۆن ئېشىپ قالدى،
جولاپ بەردىم ئۆتۈككە.
ئۆتۈكنى كېيىۋىدىم،
كەڭ - كۇشادە بوش كەلدى.
بۇنى ئاڭلاپ خەقلەرنىڭ،
كۆڭۈللىرى خۇش بولدى.

ئىككىسى ئۆزئارا كۈلۈشۈپ، كۈلكىنى ئىچىگە چۈشۈرۈپ توختىشىدۇ. قاتناشقۇچىلار بارىكاللا دەپ تۇۋلىشىدۇ.

مانا مۇشۇنداق قايىنام - تاشقىنلىق باھار مەشرەپىدە. پالۋانلار چېلىشقا چۈشۈپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. ئۇتۇپ چىققان پالۋانلارغا كالا ياكى ئات تەق-

دىم قىلىنىدۇ. ياش كىچىك ئوغۇل باللار تال چى-
ۋىقتىن چىقىرىلغان بوم، زىل، چوڭ - كىچىك پۇرگۇش-
لەرنى چېلىپ بىر - بىرسى بىلەن بەسلىشىدۇ.
نوملۇقلارنىڭ باھار مەشرىپىدە ئالتە ياشتىن ئاتـ-
مىش ياشقىچە ھەممىسى ئاكتىپ ئىشتىراك ئېتىدۇ.
بۇنداق ئېيتىشىش قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك
قۇمۇل شەھەر ئەتراپى جايلىرىغا ئوخشايدۇ. تاغ را-
يونلىرىدا خۇشال كۈنلەرنى ھاراق - شاراپ ئىچىپ
خاتىرىلەشمۇ ھازىرغىچە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەكتە.
«ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام
ھەققىدە» دېگەن كىتابنىڭ 67 - بېتىدە مەشرەپلەر
ھەققىدە: «مەشرەپ مۇقاملارنىڭ كەڭ يېزىلاردا، يىراق
دالىلاردا ساقلانغان ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالدى.
ئەر - ئاياللار ئوخشاش قاتنىشىدىغان مەشرەپلەرنى
ئىسلامىيەتنىڭ ئىجاد قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.
مەشرەپلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئورۇق-
داشلىق ۋە قەبىلىلىك ئەلنەغمە سەنئەت شەكلى ئى-
كەنلىكى شۈبھىسىز. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئازىراق
بولغان ۋە ئەر - ئاياللار ئەمگىكىنى تەلەپ قىلىدى-
غان كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرى مەشرەپلەرنىڭ ئاساسلىق
قورغىنى بولۇپ قالدى» دېيىلگەن. باھار مەشرىپى
ئەنە شۇ قورغان ئىچىدىكى بىر تىپ.
بۇ مەشرەپ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ نورۇز بايراملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مە-
دەنى پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

قومۇل ئەدەبىياتى: 1980 - يىل مەخسۇس سان
1981 - يىل 1 - سان
1983 - يىل 4 -، 3 - سان
1984 - يىل 3 - سان
1985 - يىل 1 - سان

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 13 - قىسىم.

قەشقەر قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى 1 - سان

ئېغىزاكى ماتېرىياللارنى بەرگۈچىلەر:

باسىت مەزىن، شەرۇللا موللا، يارى بوۋا، قۇربانىنىياز موللا، يۇنۇس كۆسۆ، ئوغۇسۇلتان ماما، سارىخان ماما، ھاپىز سالى، ئىبراھىم موللا، ياقۇپ سادىق، توخسۇن بوۋا قاتارلىق 11 كىشى.

يازما ماتېرىيال بەرگۈچىلەر:

ئوسمان توختى، ئېلىنياز ئابدى، ئەمەت جېلىل.

ھەرخىل تېمىدىكى بېيىتلەرنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەر:

رابىخان غوجابدۇل، ئابلىمىت پەيزۇل.

## ئاخىرقى سۆز

تارىخ كىشىلىك دۇنياسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ خاتىرىسى ۋە يەكۈنى. ھەر قانداق يۇرتنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى بولىدۇ. تارىخ يېزىشتا ۋەقەلىكلىرى ھەقىقىي بولۇش، ئەينەن بولۇش ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. نېمە ئىش بولسا شۇنىلا يېزىشقا بولىدۇكى ھەرگىز تارىخنى ياساپ چىقىشقا، بۇرمىلاشقا بولمايدۇ. يۇرت بولىدىكەن ئۇنىڭ باشلىقلىرى بولىدۇ. يۇرۇت باشلىقلىرى ئەينى دەۋردىكى ئەمىر - پەرمان، سىياسەتلەرنىڭ ئىجرا- چىلىرىدۇر. يۇرتنى ئادىللىق، پاك - دىيانەتلىك سورىغان- لارنىڭ يۇرتى مەمۇرچىلىق، خەلقى باياشات بولىدۇ. يۇرتنى زالىملىق ۋە قارا كۆڭۈللۈك بىلەن سورىغان- لارنىڭ يۇرتى خاراپلىشىپ، خەلقى نامرات بولىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ۋاڭ، بەگ - سىپاھلارمۇ يۇرت تارىخىنى يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، پىراق ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى كۆپ يېزىپ، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى يېزىشنى خالىمىغان ۋە باشقىلارنىڭ يېزىشىغىمۇ يول قويمىغان. ئاراتۇرۇك يۇرت بولغاندىن بۇيان نۇرغۇنلىغان يۇرت باشلىقلىرى ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئادىللىرىمۇ، زالىم - قاراكۆڭۈللىرىمۇ بولغان. ئادىللىرىنى خەلق ھازىرغىچە ياد ئېتىدۇ، زالىملىرىغا نەپرەت بىلدۈرىدۇ.

بولۇپمۇ ئاراتۇرۇك خەلقى شىڭشىسەي جۇملىدىن.
شامەخسوت ۋاڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە چىدىغۇسىز
جەبرى - زۇلۇمغا ئۇچرىدى. زالىملىق پەچەقى گۆشتىن
ئۆتۈپ، سۆڭەككە يەتكەندىلا ئاندىن ئويغىنىپ
زالىملارغا قارشى غەزەپ تىغىنى كۆتۈردى، لېكىن
ئۆتمۈشتىكى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئۈچۈن ئېلىپ
بېرىلغان قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ
پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. خەلق
يەنىلا زۇلۇم تېغى ئاستىدا يانجىلىۋەردى، چۈنكى ئۇ
چاغلاردا جۇڭگو گۇڭچەنداڭدەك توغرا، ئىلمىي بىر
يولباشچى يوق؛ ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىدەك نەزەرىيىۋى ئاساس يوق ئىدى. پەقەت
1949 - يىلى تيەنئەنمىندە لەپىلدىگەن بەش يۇلتۇزلۇق
قىزىل بايراقلار قاتمۇقات تاغلارغا ئورۇلۇپ تۇرغان
گۆھەر زېمىن ئاراتۇرۇكنىڭ ئازادلىق تېڭىدىن نۇر
ئېمىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

لېكىن بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر ئەتراپتىن
سوكۇلداپ كېلىپ، بۇ خىلۋەت ماكانغا توپلىشىپ، ئېغىز-
بۇرۇن يالىشىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىچكى ۋە
تاشقى جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئەمدىلا دۇنياغا
كەلگەن ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى
بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا قايتىدىن
زۇلمەت تورىنى ياپماقچى بولدى.

شۇڭا، 1950 - يىلى ئاراتۇرۇكتە «40 كۈنلۈك
توپىلاڭ» يۈز بېرىپ، كۆرەشتە قايتىلىنىش يۈز بەردى.
كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيە-

سىنىڭ قۇربانلار بېرىپ كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا
ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاق تۇغۇلۇپلا
تۇنجۇقتۇرۇلۇشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بۇ ئاراتۇرۇك
تارىخىدىكى پاجىئەلىك ۋەقە — بىزگە ئەكسىيەتچىلەر-
نىڭ خەلققە قارشى جىنايى شۇملۇقلىرىنىڭ تۈگىمەيدىغان-
لىقىنى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.
دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ، يېرىم ئەسىرگە يېقىن
بولغان شانلىق مۇساپىمىزدە يەنە بۇ يىل يازدا
بېيجىڭدە مالىمانچىلىق ئەكسىل ئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز
بەردى. بۇ مالىمانچىلىق، توپىلاڭنىڭ ئاساسىي مەنبەسى
ئىچكى جەھەتتىن ئالغاندا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا
چىڭ تۇرماسلىقتىن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيەۋى
ئېقىمىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. تاشقى
جەھەتتىن ئالغاندا، خەلقارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر-
نىڭ كوممۇنىزمغا جۇڭگوغا قارشى دولقۇن كۆتۈرگەنلىكىدىن
بولدى. جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ. 40
يىللىق ئەمەلىيەت ۋە يېقىنقى جۇڭگونىڭ 100 يىلدىن
ئارتۇق ئەمەلىيىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنى رەھبەرلىك قىلىشقا تاللىۋالغانلىقىنى
ئىسپاتلىدى. بۇ 40 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ئادىل كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە
ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىغا
تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن.
جۇڭگودا ھەرگىز بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يول قويغىلى بولمايدۇ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ
چىڭ تۇرۇش بىلەن بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۇرۇشنى تەرغىپ
قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەيدان كەسكىن
كۈرەشتۇر.

ئاخىرىدا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى تارىخنى
ئەسلەپ كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا قەلبىمىز
دولقۇنلايدۇ، تارىخ — ئەينەكتۇر. تارىختىن ئىبارەت بۇ
ئەينەككە قارىغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى-
مىزنى كۆرۈپ ئالالايمىز، ئۆتۈقلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز،
سەۋەنلىكلىرىمىزدىن ساۋاق ئالىمىز، بۇ ساۋاقلار بىزنى
تېخىمۇ مول بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ. تارىخ — دەرستۇر،
بۇ دەرس بىزنى قىممەتلىك، مول بىلىملەرگە ئىگە
قىلىدۇ. بىز مۇشۇ بىلىملەر ئاساسىدا دۇنيانى
ئۆزگەرتىپ، يېڭى - يېڭى تارىخلارنى يېزىپ تۇرىمىز.

مەن تارىخچى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىش ئارقى-
لىق كىشىلىك قىسمىنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىمىزنىڭ يېقىنقى
زامانلاردىكى تارىخنى يېزىپ چىقتىم. مېنىڭ يازغان
نەرسىلىرىمدە نۇرغۇنلىغان خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەر بولۇشى
مۇمكىن، تارىخچىلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش
بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.

ھەمدۇللا ئىسمايىل

1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

ئاراتۆرۆك تارىخ ماتېرىياللىرى

伊吾县文史资料

1 ـ قىسىم

ئاراتۆرۆك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش
تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزگەن.
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
تىراژى: 1 — 1200

تەننەرخى: 2.00 يۈەن.